# قىياپەتنامە ۋە سائەتنامە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## قىياپەتۇل بەشەر

«قىياپەتۇل بەشەر» ۋە شەرق خاراكتېرشۇناسلىقى
ھەققىدە ........................................ 1
بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ........................ 21
ھېكايەت ........................................ 22
ئىلمىي قىياپەتنىڭ بايانى ........................ 26
باش ئالامەتلىرى ........................................ 27
پېشانە ئالامەتلىرى ........................................ 27
قاش ئالامەتلىرى ........................................ 28
كۆز ئالامەتلىرى ........................................ 29
قۇلاق ئالامەتلىرى ........................................ 30
بۇرۇن ئالامەتلىرى ........................................ 31
لەۋ ئالامەتلىرى ........................................ 31
ئېغىز ئالامەتلىرى ........................................ 32
چىش ئالامەتلىرى ........................................ 32
تىل ئالامەتلىرى ........................................ 33
جاۋغاي ئالامەتلىرى ........................................ 33
گەدەن ئالامەتلىرى ........................................ 34
يۈز ئالامەتلىرى ........................................ 34
ساقال ئالامەتلىرى ........................................ 34

يەلكە ئالامەتلىرى ........................ 35
بىلەك ئالامەتلىرى ........................ 35
كۆكرەك ئالامەتلىرى ........................ 36
ئەمچەك ئالامەتلىرى ........................ 36
قورساق ئالامەتلىرى ........................ 36
ئۇچا ئالامەتلىرى ........................ 37
رەڭ ئالامەتلىرى ........................ 37
بەدەن ئالامەتلىرى ........................ 38
موي ئالامەتلىرى ........................ 38
ئاۋاز ئالامەتلىرى ........................ 39
كۆلكە ئالامەتلىرى ........................ 40
قامەت ئالامەتلىرى ........................ 40
مېڭىش ئالامەتلىرى ........................ 41
تاپان ئالامەتلىرى ........................ 41
پەنجە (بەش بارماق) ئالامەتلىرى ........................ 42
تىرناق ئالامەتلىرى ........................ 42
سان ئالامەتلىرى ........................ 43
پاقالچاق ئالامەتلىرى ........................ 43
ئوشۇق ئالامەتلىرى ........................ 43
پاشنا ئالامەتلىرى ........................ 44
ئاياغ ئالامەتلىرى ........................ 44
ئاياغ بارماقلىرى ئالامەتلىرى ........................ 45
باشقا ھەر خىل ئالامەتلەر ........................ 46

**پاراسەتكە دائىر ھېكايەتلەر** ........................ 48

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سائەتنامە

«سائەتنامە» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سائادەتلىك ھەم نەسلىك
ۋاقىت چۈشەنچىسى ھەققىدە ........................ 109
بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم.......................... 122
كۈنلەر ھەققىدىكى بايان .......................... 124
ستارە سەكىرىنىڭ بايانى (سەكىرى يۇلتۇزى ھەققىدە)... 129
كېچە-كۈندۈز ۋە سائەتلەرنىڭ بايانى..................... 130
ناماز پېشىنىنىڭ قازا بولىدىغان ۋاقىتلىرى ............ 132
سائەت، كۈن ۋە ھەپتىلەر توغرىسىدا ................... 132
ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنلىرى ............................ 133
ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنلىرىدىكى يۇلتۇزلار توغرىسىدا ... 134
كېچىدىكى ۋاقىتلار توغرىسىدا .......................... 135
يېڭى چىققان ئايغا قاراش ھەققىدە ...................... 138
سەپەرگە چىقىش توغرىسىدا ............................ 139
سەپەرنىڭ قائىدىلىرى ................................. 140
كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدا............................... 141
ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدا .............................. 143
يەر تەۋرەش توغرىسىدا................................. 144
يەر تەۋرىگەن كۈنلەر توغرىسىدا ...................... 145
دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى............................ 146
قۇلاق قىچىقىرغاننىڭ بايانى ........................... 147
ئۆي كۆچمەكنىڭ بايانى ............................... 147
ئىگىن كەسمەكنىڭ بايانى................................ 148
ئىگىن كىيمەكنىڭ بايانى................................ 149
ئىگىن يۇيماقنىڭ بايانى ............................... 149

غۆسلىنىڭ بايانى ........................................ 150
چاچ چۈشۈرمەكنىڭ بايانى .............................. 151
تىرناق ئالماقنىڭ بايانى ................................ 151
بەخت-تەلەي سائىتى ........................................ 152
ئىزاھاتلار ................................................... 153

www.uyghurkitap.com

# قىياپەتۇل بەشەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەسقەر ھۈسەيىن

ئاللا مۇنداق دېگەن: «بىز ئىنسانلارنى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.»

(سۇرە تىن، 4 ـ ئايەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى



# «قىياپەتۇل بەشەر» ۋە شەرق خاراكتېرشۇناسلىقى ھەققىدە

قىياپەت بىلەن مىجەز-خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بۇ تېما قەدىمكى شەرقتە ناھايىتى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. بىز كۆرگەن قەدىمكى شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئادەمنىڭ قىياپىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خېلى مۇھىم كۆلەمنى تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ بۇ خىل تەجرىبە-ساۋاقلار ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلىشقا باشلىغان. شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى شاھ ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نە ئادەملەرنىڭ قىياپىتى مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان خاراكتېرى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلغاندا نەسىل، تۇغما ئالاھىدىلىك مەسىلىسىگە ئەڭ ئېتىبارلىق مەسىلە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشلىرىغا ئادەم قويۇشتا نەسلى ئېسىل ۋە ئېرىغ (پاكىزە، ساپ) بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. چۈنكى، ئۇرۇقى ياخشى ئادەمدىن ياخشى پەرزەنت تۇغۇلىدۇ، ئۇرۇق ياخشى بولمىسا، ياخشى پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، بەگلىك مۇقەددەس ئىش، ئۇ پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى نەسىللىك ئادەمنىڭ تىلى ۋە دىلى توغرا، مىجەز-خۇلقى ئېسىل بولىدۇ، ئۇلار پاراسەتلىك،

سىخىي ھەم كۆزى توق، ئالىيجاناب بولىدۇ، قولىدىن نۇرغۇن ئىشلار كېلىدۇ، ئۇنداق پاك نەسەبلىك كىشىلەر ھايالىق، خۇش پېئىل، دۇرۇس بولىدۇ. بۇ بايانلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ خاراكتېرشۇناس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەرق ئەقىل-پاراستىنىڭ مۇجەسسىمى ۋە يەكۈنى سۈپىتىدە ئىنسان خاراكتېرىنى ئۇرۇقتىن ئىزدەيدۇ.

شەيخ سەئدى، تۆۋەندىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئالغان ھېكايە ئارقىلىق تۇغما خاراكتېر مەسىلىسىگە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن جاۋاب بېرىدۇ:

بىر توپ ئەرەب قاراقچىلىرى تاغ بېشىدا ماكان تۇتۇپ، كارۋانلارنىڭ يولىنى توسايتتى. ئەتراپتىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن، سۇلتان لەشكەرلىرىمۇ يېڭىلىپ قالغانىدى. چۈنكى، قاراقچىلار تاغ چوققىسىدا قىيىن يوللارنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزلىرىگە پاناھ جاي قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، مەسلىھەت بويىچە بىر ئادەمنى چارلاشقا ئەۋەتىپ ئەپلىك پۇرسەت كۈتمەك بولۇشتى.

بىر كۈنى قاراقچىلار خەلقنى بۇلاشقا كېتىپ ئۇۋىسى خالىي قالغان چاغدا، بىر قانچە ئىش كۆرگەن جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە يىگىتلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە مۆكۈپ تۇرۇشتى. قاراقچىلار كەچتە ئولجىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار قورال-ياراغلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئولجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان دەسلەپكى دۈشمەن ئۇيقۇ بولدى. بىرىنچى جىسمەك ۋاقتى ئۆتكەندە باتۇر يىگىتلەر پىستىرمىدىن چاچراپ چىقتى-دە،

قاراقچىلارنىڭ قولىنى بىر-بىرلەپ ئارقىسىغا باغلاپ، بامدات ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. پادىشاھ بۇ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياش بالا كۆزگە چېلىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆچىتىنىڭ مېۋىسى ئەمدىلەتىن يېتىلگەن، جامال گۈلىستانىنىڭ مايسىلىرى يېڭىلا كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشاھ تەختىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆپۈپ، شاپائەت يۈزىنى يەرگە قويدى-دە، دېدى: بۇ بالا تېخى ھايات بېغىدىن بىرەر مېۋىنى تېتىپ كۆرمىگەن ۋە ياشلىق باھارىدىن بەھرىمەن بولمىغان. شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ سېخىيلىقى ۋە ئالىيجانابلىقىدىن ئۈمىدىم شۇكى، ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتۈپ، مەن بەندىگە بېرىۋەتسە ئىكەن.

پادىشاھ بۇ سۆزدىن بوينىنى تولغىدى، بۇ پىكىر ئۇنىڭ يۈكسەك رايىغا مۇۋاپىق كەلمىگەچ مۇنداق دېدى:

ياخشىلارنىڭ نۇرى يوقماس زاتى پەسكە ھېچقاچان،
تەربىيە نائەھلىگە گۈمبەزدىكى ياڭاقسىمان.

ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇق-ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋېتىش ياخشىراق، چۈنكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ چوغنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئابىھايات تۆكسىمۇ ئاسماندىن بۇلۇت،
تال سۆگەتتىن مېۋە يېيەلمەيسەن.

پەسكەشكە ۋاقتىڭنى زايە قىلمىغىن،
بورا قۇمۇشتىن شېكەر ئالالمايسەن.

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خالار-خالىماس ماقۇل كۆرگەن بولدى ۋە پادىشاھنىڭ گۈزەل پىكرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، مۇنداق دېدى: شاھنىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئېيتقىنى چىن ھەقىقەت. ئەگەر بۇ بالا ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدە ئۆسكەن بولسا، ئۇلارنىڭ خۇيىنى ئۆزلەشتۇرۇۋالغان بولاتتى. ئەمما، مەن قۇلىڭىز ئۈمىدۋارمەنكى، ئۇ ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيە كۆرسە، ئاقىللارنىڭ خۇلقىنى ئۆزلەشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى كىچىك بالا، بۇ گۇرۇھنىڭ بۇلاڭچىلىق، توپىلاڭچىلىق ئالامەتلىرى ئۇنىڭغا ئانچە سىڭگىنى يوق. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەربىر بوۋاق تۇغۇلغان چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىپ چىقىدۇ، يا خرىستىئان قىلىپ چىقىدۇ، يا مەجۇسى قىلىپ چىقىدۇ.»

يامانغا يار بولغاچ لۇتنىڭ[1] جورىسى،
بولدى پەيغەمبەرلىك خاندان ۋەيران.
ئەسھابى كەھفنىڭ ئىتى نەچچە كۈن،
ياخشىلارغا ئەگەشكەچ بولغانتى ئىنسان.

پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى شەپى كەلتۇرگەنلىكى ئۈچۈن

[1] لۇت — لۇت ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھ ئۇ كىچىك قاراقچىنىڭ خۇنىدىن ئۆتتى-دە:

— بولۇپتۇ، گەرچە بۇ ئىشنى مەسلىھەت كۆرمىسەممۇ كەچۈرۈم قىلدىم! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ۋەزىر بالىنى ئېلىپ قىلىپ، ئۇنى تۇرلۇك نازۇنېمەتلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ئۇستاز-ئەدىبلەرنى تەيىنلەپ، سۆزلەش ۋە گەپ قايتۇرۇش سەنئىتى ۋە پادىشاھقا خىزمەت قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى ماقۇل كۆرۈندى. دېمەك، ئۇ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىر قېتىم ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇ بالىنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ، ئاقىللارنىڭ تەربىيىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى، بۇرۇنقى نادانلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشاھ كۈلۈپ قويدى-دە، دېدى:

ئاقىۋەت بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر،
گەرچە ئۇ ئادەم ئەجرى ئۆرە بولۇر.

ئارىدىن بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندە، ئاشۇ مەھەللىنىڭ بىر توپ ئوغرىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلپەتچىلىك ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇرسەت تېپىپ، ۋەزىرنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەددى-ھېسابسىز مال-مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى ۋە قاراقچىلارنىڭ غارى ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ھەيرەت بارمىقىنى چىشلەپ دېدىكى:

ئەسكى تۆمۈردىن ياسالمايدۇ كىشى ئۆتكۈر قىلىچ،
رەزىل ئادەم تەربىيىدە، ئەي ھەكىم، بولماس ئىنسان.
گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش بىراق،
باغدا لالە ئۆسىدۇ، شورلۇقتا يانتاق ھەرقاچان.

*　*　*

شورلۇقتا ھېچقاچان سۇمبۇل ئۆسمەيدۇ،
ئۇرۇقنى، ئەمگەكنى قىلمىغىن زايە.
يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش،
ياخشىغا يامانلىق قىلغانلىق گويا.

گەرچە يۇقىرىقى بايانلار بىر ھېكايە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئىنسان خاراكتېرى ۋە نەسلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتا مەلۇم نۇقتىدىن ئىلمىي جاۋاب بېرىلگەن. چۈنكى، بىلىم باشقا ئىش، ئەقىل باشقا ئىش. ئەسلى تۇغما تەبىئەت باشقا ئىش، تەلىم-تەربىيە يەنە باشقا ئىش. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ياخشى ئۇرۇقتىن چاتاق چىقمايدۇ» دېگەن. ئەگەر كۆپ ئوقۇغانلىق بىلەنلا ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغان بولسا، شۇنداق سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن، ئالىملىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەقىلگە يات بولغان ئەڭ رەزىل ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ھازىرقى تەجرىبىلەر ئارقىلىق يەكۈنلىگەن يەكۈنىمىز شۇكى، تەلىم-تەربىيە ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە ئەتراپلىق

www.uyghurkitap.com



بولسىمۇ، مۇنداق بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بىرى نەسلىنى، يەنى بىرى تۇغما خاراكتېرنى. ئۇنداقتا تەلىم-تەربىيىنىڭ رولى نېمە؟ ئۇ ئەڭ مۇھىم ئىككى ئىشنى قىلىدۇ. بىرى، ئۇ ئادەمنىڭ بىلىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ باش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. يەنە بىرى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە بار قابىلىيەتنى ئېچىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ھەرگىز ئادەمنىڭ ئۆزىدە يوق نەرسىنى بار قىلالمايدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا ھېس قىلغان. غەربتە تېخى يېقىنقى يىللاردىلا بۇ مەسىلىگە دىققەت نەزىرىنى قاراتتى.

ئەپسۇسكى، شەرقنىڭ شۇنچە چوڭقۇر تەتقىقات نەتىجىلىرى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بىر تەرەپتىن ئىزچىللىقنى يوقىتىپ قويدى. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئىنسان خاراكتېرى بىلەن نەسلىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنسان خاراكتېرى بىلەن قىياپەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق ئىزدىنىشلەر، خۇراپاتلىق، ئىدېئالىزم دەپ تونۇلدى. غەربتە تەتقىق قىلىنغىنى بولسا ئىلمىي پەلسەپىۋى ھەقىقەتلەر بولۇپ قوبۇل قىلىندى.

بۇ قېتىم ئامېرىكىلىق روبېرت ۋايىت شوت دېگەن خاراكتېرشۇناسنىڭ «چىراي تىلى» دېگەن كىتابى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالامەتلەر پەقەت چىراي ئالامەتلىرى بىلەن چەكلەنگەن. شەرقتە «قىياپەتۇل بەشەر» (ئىنسانلار قىياپىتى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان مەزكۇر ئەسەردە ئادەمنىڭ چېچىدىن تارتىپ تىرنىقىغىچە بولغان بارلىق تاشقى ئالامەتلىرىنىڭ ئىنسان خاراكتېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر،

ئەتراپلىق ۋە ئەمەلىي دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«قىياپەتۇل بەشەر»نىڭ بېشىدىلا مۇنداق بىر تىپىك ئەھمىيەتلىك ھېكايىنى مىسال ئۈچۈن بېرىدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، بىر كىشى چىراغ يورۇقىدا كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بىردىنلا كىتاب قۇرلىرىدىن: «ساقالىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ساقال ئىگىسىنىڭ ئەخمەقلىقىغا دەلىلدۇر» دېگەنلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۆزىنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ كۆرۈۋىدى، ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دەرھال مەنمۇ ئەخمەقلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالماي دەپ، ساقىلىنى مەھكەم تۇتاملىغان ھالدا ئۆز-ئۆزىگە: «مۇشۇ تۇتامدىن ئارتۇقىنى چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈپ، تۇتامدا قالغىنىنى ئېلىپ قالسام ماڭا كۇپايە» دېدى-دە، ساقىلىنى چىراغقا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، ساقىلى تامامەن كۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغانلىقى ئۆز ئەخمەقلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

ئاپتور ئۆز بايانىدا، بىز بۇ كىتابتا مىسالغا ئالغان قىياپەت ئالامەتلىرىنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان ئەمەلىيەتلەر ئاساسىدا دەلىللەپ، ئىسپاتلاپ چىققان، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قىياپەت ۋە پاراسەت توغرىسىدىكى بۇ تېما شەرقتە ناھايىتى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، «چوڭ چۆگۈن قايىنغۇچە كىچىك چۆگۈن تېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن تەمسىلدە بولسا پاكار ئادەمنىڭ ئالدىراڭغۇ، تەنتەك، ئاچچىقى يامانلىقىغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. «قىزىل كۆز» دېگەن ئىبارە شۇ خىل سۈپەتتىكى ئادەملەرنىڭ يالغانچى، كاززاپ، قانخور، بەدخۇي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىگە بىشارەت قىلىنغان. «مەيدىسىدە تۈكى بار، يۈزىدە قىنى بار» دېگەن ئىبارە غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق، ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، مەرد، مەردانە ئەرلەرگە قارىتا ئېيتىلغان. «ئالا كۆز» دېگەن سۈپەت كۆزى خۇنۇك، يۈندا كۆز، ئادەمگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان ئادەملەرگە ئىشارە قىلىنىپ، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىمۇ ئالا بولىدۇ دەپ قارىغان. «يۈزىدە قېنى يوق» دېگەن سۈپەت، بىر تەرەپتىن قورقۇنچاق، يەنە بىر تەرەپتىن يۈزسىز ئادەملەرگە ئىشارەت قىلىنغان. خەلق ئارىسىدىكى چىرايىغا، قولىغا قاراپ پال سالىدىغان ئىشلارنىڭ ئاساسىنى تەكشۈرگەندىمۇ، بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك بىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ئەمدى نەزىرىمىزنى يەنە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىزلارغا قارىتىدىغان بولساق ئىنسان قىياپىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدىن ۋاقىپ بولالايمىز. «كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن ئەسەر دەۋرىمىزدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئەسەر. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر باياننى ئۇچرىتىمىز: «پاراسەتلىك ئۆلىمالار ۋە دانىشمەن پازىللارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر كىمنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى كەڭ ۋە يىراق بولۇپ، ئوڭ كۆزى سول كۆزىدىن كىچىكرەك بولسا ۋە نەزىرى تېز بولۇپ، كۆز ئۇچىدا ئىشارەت قىلغان بولسا، بۇرنى سول تەرەپكە مايىل بولۇپ، تولا ۋاقىتلاردا يەرگە قارىغاق بولسا، شۇنىڭ ئىپلاس زاتىدا مەككارلىق، ئالدامچىلىق ۋە پىتنە-پاساتلارنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە بالا ۋە پىتنە ئۇنىڭدىن پەيدا

بولىدۇ.»

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ: «چىرايلىق ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ، بۇنداق كىشىدىن ئەلگە نەپ تېگىدۇ. كىمنىڭ ھۆسن-جامالى چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپ ئەمەلىيەتنى ئۆتكۈزگەن، سىناپ بىلگەن ئاقىللار: ئادەمنىڭ تاشقى كۆركى ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھەمراھ، ھۆسن-جامالى ئىش ھەرىكىتىگە گۇۋاھ. تېشىنى كۆرۈپ، ئىچىنى پەرەز قىل. ئىچى تېشىدەك، تېشى ئىچىدەك بولىدۇ، دېگەن» بۇ بايانلار شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىكى «چىراي قەلبنىڭ دېرىزىسى» دېگەن چۈشەنچىنىڭ 11-ئەسىرلەردىكى ئىلمىي يېشىمى ئىدى.

ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قىياپەت بىلەن ئەقىل-پاراسەتنىڭ، قىياپەت بىلەن خاراكتېر-مىجەزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر تېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ۋە خېلىلا ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، مۇئەييەن ئىلمىي بىلىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەرنى ھەم ئۇچرىتىمىز.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى مەن ياخشى ئادەم دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى مەن ياخشى، مەن ئىشەنچلىك دەپ باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۇرمەكچى بولىدۇ. ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر باشقىلار بىلەن تۇرلۇك سودا ئالاقىسى، ھەر خىل ئالغۇ-بەرگۈ مۇناسىۋەتلەر، قۇدا-باجىلىق، دوستلۇق، شېرىكچىلىك قاتارلىق مۇئامىلە-مۇناسىۋەتلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك، ياخشى ئاياغلاشقان بولسا، بەزىلەر بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ بېشى ياخشى باشلىنىپ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ. ھەقىقىي پايدا-مەنپەئەت توقۇنۇشىغا دۇچ كەلگەندە ئەسلىي ماھىيەت ئاشكارىلىنىدۇ-دە، ئىش پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدىغان نەتىجە بېرىدۇ. بۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارنى كۆپ قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا «ھەممە ئادەم مەن ياخشى، مەن دۇرۇس، ماڭا ئىشەن» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ھەتتا قەسەم قىلىشتىن يانمايدۇ. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ۋەدىگە ۋاپا قىلىنمايدۇ، قەسەمنىمۇ بۇزىدۇ. ئۇ چاغدا، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا زادى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قىياس قىلغۇدەك بىرەر چارە-ئامال بارمىدۇ، دەپ ئىزدىنىشىپ يۈرگەن چاغلاردا ئاللاھ مۇنداق ئايەتنى چۈشۈرگەن: «بىز ئىنسانلارنى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق.»[1] يەنى ئادەملەرنى بىجىرىم چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە ياراتتى.

مانا بۇ مۇقەددەس بېشارەت شەرق ئالىملىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن مەنئۇۋى يۆلەك بولغانىدى.

بوي ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە باھا بېرىشنىڭ مۇھىم بىر تاشقى ئالامىتى بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

---

[1] قۇرئان كەرىم، سۈرە «تىن»، 4-ئايەت

بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كۆرمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا، بولماس خۇش پىچىم. 2085

پاكار، ئۆزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان،
بۇ ئاچچىق نەدە بولسا جاڭجال ھامان. 2089

بۇ يەردە يۇقىرىقى مەنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايەتنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈر.

ھېكايەت قىلىنىشچە، نۇشىرىۋاننىڭ زامانىدا ھۆكۈمالار پاراسەت بابىدا كىتاب بەرپا قىلىپ بەرگەنىدى. نۇشىرىۋان ھەمىشە ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى.

بىر كۈنى بىر پەتەك كىشى كىرىپ:

— ماڭا بىرسى زۇلۇم قىلدى — دەپ ئەرز قىلدى. نۇشىرىۋان:

— مەن پاراسەت كىتابىدىن پەتەك كىشىلەرنىڭ خۇنۇك، ھىيلىگەر ۋە زالىم بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرگەن. بۇ ئالامەتلەر سەندە بار ئىكەن. شۇڭا، زۇلۇم قىلغۇچى سەن ئۆزۈڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئۇ مەندىنمۇ پەتەكراقتۇر — دېدى: ئاخىر ئۆز رەقىبىنى ھازىر قىلدى. بۇ كىشى راستتىنلا ئەرز قىلغۇچىدىنمۇ پەتەك ئىكەن. نۇشىرىۋان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، ئەرز قىلغۇچىنىڭ دادىغا يەتتى.①

① «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1996-يىلى 3-سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېمەك، بۇ بايانلاردا خەلقنىڭ ئورتاق چۈشەنچىسى ۋە بىلىش نەتىجىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بايانلىرىدا ئاساسلانغان يەنە بىر مۇھىم قانۇنىيەتلىك ئۆلچەممۇ بار. يەنى ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى، ئوتتۇرا ھاللىق ھەرقانداق ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇشىنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. يەنى ئالەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئوتتۇرا ھاللىق، بەدەننىڭ ساق تۇرۇشىمۇ ئوتتۇرا ھاللىققا باغلىق. ئەگەر ئوتتۇراھاللىق بۇزۇلىدىكەن، بەدەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، دېگەن پەلسەپىۋى ئۆلچەمگە ئاساسلانغان.

پۈتۈن ئىشتا ئۆلچەم، ئۇسۇل قائىدە بار، 4985
ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھال بولسا بولغاي ئېسەن.

يۈز-چىراي ئىنساننىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان مۇھىم ئورگان ھېسابلانغان. چۈنكى، ئادەمنىڭ باش قىسمىغا كۆز، يۈز، بۇرۇن، قۇلاق قاتارلىق ئەزالار جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئورگانلار چوڭ مېڭە بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق. شۇڭا، تاشقى قىياپەت توغرىسىدا توختالغاندا ئاساسلىقى بەش ئەزاغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن.

— ھەممە ئادەم سۆيمەن دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئۇنداق بولسا ھەقىقىي سۆيۈملۈكنىڭ نىشانى نېمە؟ ئۇنىڭ تاشقى ئىپادىسى قانداق بولىدۇ؟

— ھەقىقىي سۆيۈملۈكنىڭ نىشانىسىنى يار يۈزىگە قاراپلا

بىلگىلى بولىدۇ. كۆزنىڭ ھەممە نەرسىنى تۇسالغۇسىز كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىش كېرەككى، كۆڭۈل كۆزى ئۇچۇن ھېچقانداق تۇسۇق يوق. سۆيۈملۈكنىڭ سۆيگۈ نىشانىسى چېھرىدە زاھىر بولىدۇ، بۇ خىل ئالامەت كۆزگە كۆز ئۇدۇل باققاندا تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. بۇ ھالەتنى شائىر مۇنداق سۈرەتلىگەن:

سۆيۈملۈك كىشىنىڭ يۈزى بەلگىلىك،
1901
تىلىنى ئاچسا مەنە سۆزى بەلگىلىك.

سۆيۈپ، سۆيمىگەننى بىلمەيمەن دېسە،
1902
ساڭا توغرا باقسا كۆزى بەلگىلىك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بايانلىرىدا كۆز بىلەن يۈز توغرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ خاراكتېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆپرەك شەرھلەنگەن يەنى:

نومۇسسىزنىڭ يۈزى گۆشسىز سۆڭەك، كۆزى بولسا ئېتىلمەس تۆشۈكتەك، نومۇسسىز ئادەمنىڭ كۆزى خۇنۈك بولىدۇ دەپ قارالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، باھادىر ئوغلاننىڭ ئىككى مۈرىسى كەڭ بولىدۇ، بېلى بۆرىنىڭكىدەك ئىنچىكە بولىدۇ. نومۇسلۇق ئادەمنىڭ يۈزىدە قېنى بولىدۇ. يۈزى سۈرۈن، تىلى قوپال ئادەم تەكەببۇر كېلىدۇ، دېيىلگەن.

تۆۋەندىكى باھادىر ئوغۇزخاننىڭ قىياپەت تەسۋىرىگە دىققەت قىلىپ باقايلى: ئۇنىڭ ئايغى ئۆكۈز ئايغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



بىلىدەك، يەلكىسى بولغۇن يەلكىسىدەك، كۆكسى بولسا ئېيىق كۆكسىدەك...» بۇ بايانلارنى «قىياپەتۇل بەشەر» دىكى كۆكرەك ئالامەتلىرىگە نىسبەتلەشتۇرگەن خاراكتېرگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى: «ئەگەر كىشىنىڭ كۆكرىكى كەڭ ۋە گۆشلۈك بولسا بەختىيارلىقنىڭ نىشانىدۇر. ئەكسىچە كىشىنىڭ كۆكرىكى تار ۋە كەم گۆش بولسا بۇ شۇ كىشىنىڭ نەسلىكى ۋە بەدبەختلىكىنىڭ دەلىلىدۇر».

ئۆز دەۋرىدىكى بۇنداق خاراكتېرشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىكى مەنپەئەتدارلىق رولىدىكى چېتىلىش دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە شاھتىن تارتىپ يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قىياپەت ۋە پاراسەت جەھەتتىكى تەلەپلىرىگە خېلى مۇپەسسەل ئورۇن بېرىلگەن.

شەرقتىكى خاراكتېرشۇناسلىق كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگىچە سىجىل تەرەققىي قىلىپ، «قىياپەتۇل بەشەر» گە ئوخشاش مۇتىمىزىم خاس تەتقىقات ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. «قىياپەتۇل بەشەر» نىڭ ئىلھامى بىلەن تۈركىيىدە نەشر قىلغان «قىياپەتۇل ئىنسانىيە، شەمائىئۇل ئوسمانىيە» (ئىنسانلارنىڭ قىياپىتى ۋە ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ قىياپەت ۋە ئادەتلىرى) دىگەن ئەسەردە «قىياپەتۇل بەشەر» دىكى ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، پۈتكۈل ئوسمانلى خاقانلىرىنىڭ خاراكتېر-مىجەزىگە باھا بېرىپ

چىققان.

بىز مانا بۇنى ئىلىمنىڭ رېئاللىقى ۋە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى دەيمىز. دېمەك بىلىم تۇرمۇشقا، ھايات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىنىپ ئۇنىڭدىن توغرا ئۇنۇملۇك ئىلمىي پايدىلىنىلسا ھەقىقىي قىممەت يارىتىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ياخشى ھەمراھىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىلمىسا ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ ۋە خۇراپاتلىققا سۆرەپ كىرىدۇ.

«چىراي تىلى» دېگەن كىتابتىكى چىراي ۋە كۆز ئالامەتلىرى بىلەن «قىياپەتۇل بەشەر» دىكى قىياپەت ئالامەتلىرىنىڭ خاراكتېر بىلەن بولغان باغلىنىشى توغرىسىدىكى بىلىش نەتىجىلىرىدە خېلى كۆپ ئورتاقلىقلار بولسىمۇ، بىراق بىر قىسىم جايلاردا بەزى ئوخشىماسلىق ۋە قارىمۇقارشى چۈشەنچىلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، شەرق بىلەن غەربنىڭ ياشاش شارائىتى، ئىرقىي، تۇرمۇش ئادىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىن روشەن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىرىنى ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە يۆتكەپ كېلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. شەرقنىڭ ئۆلچەملىرىنى غەربلىكلەر ئۆزىگە تەتبىقلىسا يۈزدە يۈز باب كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، مەسىلەن، شەرق چۈشەنچىسىدە غەربلىكلەردەك ئاق تەنلىكلەرنى سېرىق دەپ قارايدۇ، كۆزىنىڭ كۆك بولۇشىنى «چاقان» دەپ يامان ئالىدۇ. كۆزى كۆك ئادەمگە «قىياپەتۇل بەشەر» دە مۇنداق خاراكتېر بىرىلگەن: ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى كىچىك ۋە كۆك بولسا، بۇنداق كىشى ھىيلىگەر، ئالدامچى ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



شەھۋەتپەرەس كېلۇر.

دېمەك، ھەرقانداق مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتا بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مۇتلەق ئەمەس. خاراكتېر شۇ-ناسلىق مەسىلىسى تېخىمۇ شۇنداق «قىياپەتۇل بەشەر» دە ئادەمنىڭ قىياپىتىدىكى 40 غا يېقىن ئالامەت توغرىسىدا بايان بېرىلگەن. ئۇنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ياخشى خاراكتېرگە، بەزى ئالامەتلىرى يامان خاراكتېرگە ئىشارە قىلىغان. بىراق، بارلىق يامان ئالامەتلەر بىر ئادەمگە جۇغلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقلا، بارلىق ياخشى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمگىلا مۇجەسسەملەشكەن ئەھۋاللارنىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قىياپەتتىكى ياخشى ئالامەتلەر يامان ئالامەتلەر بىلەن تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىدىغان، يامان ئالامەتلەر ياخشى ئالامەتلەرنىڭ رول ئوينىشى بىلەن ياخشىلىق تەرەپكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ دەھشەت ئاچچىقى يامان، قوپال، توك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تۈز، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق ئادەم بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئادەملەر ياۋاش بولغان بىلەن جۈرئەتسىز بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا ھەر تەرەپلىمە ئالامەتلەرنى نەزەرگە ئېلىش، بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىم، خاراكتېرلىك ئالامەتلەرنى نەزەرگە ئېلىپ مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، تۈرمۇشتىكى تۈرلۈك ئۆگۈشسىزلىكلەردىن، يامان ئادەملەرنىڭ ساختىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن، ئالدىنىشتىن ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى زىيانكەشلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يەنىلا ئادەملەرنى

چوڭقۇر كۆزەتكىدەك ئەقىل ۋە پاراسەت مۇھىم رول ئوينايدۇ.

* * *

«قىياپەتۇل بەشەر» (ئادەملەر قىياپىتى) شەرق خەلقلىرىنىڭ خاراكتېر شۇناسلىق جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تاشقى قىياپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تىپىك نەمۇنىسى. ئەسەردىكى كونكرېت پاكىتلار ۋە باھالار تۇرمۇش ئاساسى ۋە ئىلمىي ئاساسى يوق پەرەز، قىياس ۋە تەسەۋۋۇرغا تايانغان يىغىندىلار ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇنداقلا ھازىرقى زامان غەرب خاراكتېرشۇناسلىقى ھەققىدىكى مەنبەلەردىكى بايانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، چوڭقۇر تۇرمۇش ئاساسى ۋە ئىلمىي ئاساسى بولغان قىممەتلىك قوللانما ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇملۇق.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «قىياپەتۇل بەشەر» نىڭ مەزكۇر نۇسخىدىن باشقا ھەر خىل نۇسخىلىرى بار بولۇپ، ئاۋۋالقى ئەسىرلەردە ياشىغان دانىشمەنلەر (پەيلاسوپ، پسىخولوگلار) نىڭ ئادەملەرنىڭ قىياپىتى بىلەن خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى ئىسپاتلاش جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ رىسالە بىر قاراشتا غەيرىي ئىلمىي قاراشلارنى بايان قىلىدىغان رىسالىدەك كۆرۈنسىمۇ، چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلىپ، چەت ئەل خاراكتېرشۇناسلىرىنىڭ دەلىللىرىگە سېلىشتۇرۇپ، رېئال تۇرمۇش ئاساسىنى كۆزىتىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئىلمىي قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بايقايمىز. توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، رىسالىدە كۆز قاراشلارنىڭ بىر تەرەپلىمە بولۇپ قېلىشىدىن، ئاساسسىز، پاكىتسىز بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭدا بەلگىلىك قىياپەتتىكى كىشىلەر شۇ قىياپەتكە خاس بەلگىلىك خىسلەت، خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ھۆكۈم خاراكتېردىكى بايانلار بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدا «ئادەملەردىكى خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلەر ئۆزگەرمەس ئەمەس، بەلكى تەربىيىلىنىش جەريانىدا يامان خۇسۇسىيەتلەر ياخشى خۇسۇسىيەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشلارمۇ ئورۇن ئالغان. بۇ قاراشنى دەلىللەش ئۈچۈن رىسالىنىڭ كىرىش قىسمىدىكى مۇنۇ بايانلارنى ئوقۇپ ئۆتۈش كۇپايە: «بۇ ئىلىم پايدا يەتكۈزۈشتە ھەر ئىككى تەرەپكە ئۇنۇم بېرىدۇ: بىرىنچى، بۇ ئىلىمنى ئۆرنەك قىلىپ، كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، يامان خىسلەتلەردىن ئۆزىنى خالاس قىلىدۇ. ئىككىنچى، باشقا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يامانلىق ۋە زىيان-زەخمىتىدىن ئۆزىنى ئەمىن قىلىدۇ.»

«قىياپەتۇل بەشەر» 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەمەنگانلىق كىتابپۇرۇش مۇلا ئابىدجان تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان چاپ نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇنى ئابدۇلمۇزەننەپ موللا جاھانگىر خوجا ئاتلىق كىشى پارس تىلىدىن چاغاتاي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان. تەرجىمانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «قىياپەتۇل بەشەر» ئەسلىدە «مەتلەئىل ئۇلۇم ۋە مەجمۇئىل فۇنۇن» (ئىلىملەر باشلانمىسى ۋە پەنلەر جەمئىيسى) ناملىق كىتابنىڭ بىر بابى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس ھەر خىل

قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل خاراكتېر-خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر يۈرۈش بايانلار بېرىلگەن. مەزكۇر رىسالە يۇقىرىقى كىتابتىن يۇلۇپ ئالغان قىياپەت ئىلمىگە ئائىت مەزمۇنلار بىلەن يەنە بىر يۈرۈش ھېكايەتلەر ۋە لەتىپىلەرنى قوشۇپ تۈپلەپ، بىر كىتابچە قىلىنغان. بىز ھېكايەتتىكى تۈرغۇن مەزمۇنلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى پاراسەتنى تېما قىلغانلىقى، يەنە بىر جەھەتتىن بەزى ھېكايەتلىرىنىڭ مەزكۇر «قىياپەتۇل بەشەر» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايەتلەرنىمۇ كىتابقا كىرگۈزدۇق. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇ كىچىك ھېكايەتلەر ئادالەت، ئەقىل-پاراسەت، ھايا قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى مەدھىيىلەيدىغانلىقى، ھىيلىگەرلىك، خىيانەتكارلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بۇ ھېكايەتلەر ئەسلى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۆزبېك شائىرى ئىسكەندەر شەۋكەت تەرىپىدىن پارس تىلىدىن چاغاتاي تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان چاپ نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان.

كىتاب «قىياپەتۇل بەشەر» بىلەن «سائەتنامە» بىرلەشتۈرۈپ نەشرگە تەييارلاندى. شۇڭا، كىتابقا «قىياپەتنامە ۋە سائەتنامە» دەپ ئومۇمىي ماۋزۇ قويۇلدى.

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ماختاش ئاللاغا خاستۇر. ئۇ ئۆز كىتابىدا (قۇرئان كەرىمدە) ئېيتتىكى، «بىز ئىنسانلارنى شەك-شۇبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق»[1].

يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە ۋە سالاملار بولسۇنكى، ئاللا ئۇنىڭ شەنىگە: «ئەي مۇھەممەد، سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن!»[2] دېگەنىدى.

ماختاش ۋە مەدھىيىدىن كېيىن دوستلىرىمىزغا مەخپىي ۋە يېپىق قالمىغايكى، بۇ رىسالىنىڭ ماۋزۇسى «ئىلمىي قىياپەت ۋە ئىلمىي پاراسەت» (قىياپەت ۋە پاراسەت توغرىسىدىكى ئىلىم) بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە زۆرۈر ئىلىملەر جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، بۇ ئىلىمنى ئىشلەتكەن كىشىلەر ئادەمزاتنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى كۆرۈش ۋە كۆزىتىش بىلەن ھېچبىر تەجرىبە ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ خاھى ياخشى خىسلەت، خاھى يامان ئىللەت ۋە ئادەتلىرىدىن خەۋەردار ھەم ئاگاھ بولغاي. ئەگەر بىر كىشىنىڭ قىياپىتىدىن ياخشى سۈپەت ۋە ياخشى قىلىقلار ئاشكارا ۋە مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي دوست بولغاي. ئەگەر قىياپىتىدىن يامان ئىللەت ۋە قەبىھ قىلىقلار ئاشكارا ۋە زاھىر بولسا، ئۇنداق كىشى بىلەن سۆھبەت ۋە ئۈلپەتچىلىكنى تەرك

[1] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «تىن»، 4-ئايەت.
[2] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «قەلەم»، 4-ئايەت.

قىلىپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ساقلىنىش بىلەن، يامانلىق ۋە پىتنىسىدىن ئەمىن بولغاي.

## ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن بىرى ئۆز زامانىدىكى خالايىقنىڭ يامانلىق ۋە پىتنە-پاساتىدىن كۆڭلى رەنجىگەنلىكتىن شەھەردىن تاشقىرى چىقىپ، بىر تاغنىڭ ئۇستىدە ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. ئۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىر ئۇستا رەسسامنى تەيىنلەپ تۇرغۇزغان بولۇپ، شەھەر خەلقىدىن ھەرقانداق كىشى كېلىپ ئۇ دانىشمەن پەيلاسوپنى زىيارەت قىلماقنى ئىستىسە، ھېلىقى تەيىن قىلىنغان رەسسام ئۇ كىشىنىڭ سۇرىتىنى سىزىپ، ھەكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ كۆرسىتىدىكەن. ھەكىم ئۇ سۇرەتنى «ئىلمىي قىياپەت» قائىدىسىگە خاس تەپەككۇر بىلەن كۆزىتىپ، ئەگەر ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ياخشىلىق ۋە تۈزلۈكنىڭ ئەسىرى زاھىر بولسا، ئىچكىرىگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ بەشىرىسىدىن خىيانەتنىڭ ئەسىرى نامايان بولسا، دەرۋازا ئالدىدىنلا قايتۇرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر كىشى ھەكىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ھېلىقى رەسسام ئۆز ئادىتى بويىچە ئۇ كىشىنىڭ سۇرىتىنى سىزىپ، ھەكىمنىڭ ئالدىغا كىرگۈزدى. ھەكىم ئۇ سۇرەتنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئۇ كىشىنىڭ يامان ۋە ناچار تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىجازەت بەرمەي، دەرۋازىدىن قايتۇرۇشقا ئىشارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلدى. ئۇ كىشى ھەكىمگە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ھەكىم، گەرچە كۆرۈنۈشۈمدىن يامان پېئىللىق ئادەم ئىكەنلىكىمگە قىياپەت يۈزىسىدىن ھۆكۈم قىلدىڭ، بۇ تولىمۇ راست ۋە شۈبھىسىزدۇر. لېكىن، كەمىنە رىيازەت ۋە مۇشەققەت سەۋەبىدىن تامامى يامان خىسلەتلىرىمنى تەرك قىلىپ، ئۆزۈمنى ياخشى خىسلەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنمەن. ئەمدى مەندىن ھېچقانداق زىيان-زەخمەتنى خاتىرەڭگە كەلتۈرمە ۋە مېنى مۇبارەك سۆھبىتىڭنىڭ پەيزىدىن مەھرۇم قىلما.

شۇنىڭ بىلەن، ھەكىم ئۇ كىشىنى ئۆز ھوزۇرىغا چىللىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىپ، بىللە ئوزۇقلاندى.

دېمەك، بۇ ئىلىم پايدا يەتكۈزۈشتە ھەر ئىككى تەرەپكە ئۇنۇم بېرىدۇ: بىرىنچى، بۇ ئىلىمنى ئۆرنەك قىلىپ كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، يامان ئىللەتلەردىن ئۆزىنى خالاس قىلىدۇ. ئىككىنچى، باشقا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يامانلىق ۋە زىيان-زەخمەتلىرىدىن ئۆزىنى ئەمىن قىلىدۇ.

## ھېكايەت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام جەئفەر سادىق[1] رەزىيەللاھۇ

① ئىمام جەئفەر سادىق — ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي تارمىقى بولغان «ئەئەممە ئىمامىيە» (12 ئىمام) نىڭ 6-ئىمامى بولۇپ، مىلادىيە 702-يىلى مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، 765-يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن داناسى بولغاچقا، ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 2-خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلىگەن. شىنجاڭدىكى تەرىقەتچىلەر ئۇنى بۇ يەردىكى غازاتلاردا ئۆلگەن دەۋېلىپ، خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدە بىر مازار تىكلىگەن. ئەسلىدە ئىمام جەئفەر شىنجاڭغا كەلگىنى يوق.

ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) بىر كۈنى سەپەرگە چىقتى. ئۇ بىر شەھەرگە بارغاندا چىرايلىق كىيىنىپ، ئۆزىنى ياسىغان بىر كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ كىشى ئىمامنىڭ يولىنى توسۇپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ نام شەرىپلىرى بىلەن تۇرالغۇ-يۇرتلىرىنى سورىدى. ئىمامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەملىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈزەڭگۈسىنى سۆيۈپ، ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنى ئىزھار قىلدى. ئارقىدىن بۇ زاتنى مېھمان قىلماق ئارزۇسىنى بايان قىلىپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ جاناب قانچە ئۆزرە تىلىگەنسېرى ئۇ شۇنچە زىيادە تەكلىپ قىلاتتى.

ئىمام قىياپەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىب ۋە يامان ئەخلاقلىرىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، تولىمۇ كەمتەرلىك ۋە تۆۋەنچىلىك ئىزھار قىلغانلىقى جەھەتتىن نائىلاج تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كىشى ئىمامنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە ئۆز ھويلىسىغا چۈشۈرۈپ، مېھماندارچىلىقنىڭ پۈتكۈل لازىمەتلىكلىرىنى تەييار قىلدى، خىزمەتنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەجا كەلتۈردى.

ئەتىسى ئىمام قايتماققا ئىجازەت تىلىدى. ئەمما، ئۇ كىشى ئىمامنىڭ يولىنى توسۇپ:

— ئەجەبا مېنىڭ تەلىيىم شۇنداق پەس ۋە تەتۈرمىدۇ؟ زامانىمىزنىڭ ئىمامى ۋە رەھنەماسى، جانابى رەسۇلى خۇدانىڭ ئەۋلادى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىپ، قەدەملىرىنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇ قەلبىمىزنى روشەن ئەيلىگەن چاغدا، بىرنەچچە كۈن جانابلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى بەجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ، خىزمەت باھانىسى بىرنەچچە ئېغىز پەندى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي، ئالتۇندەك قىممەتلىك سۆھبەتلىرىنىڭ بەھرىدىن مەھرۇم قالسا، بۇ كەمىنە سادىق قۇللىرى ئۇچۇن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟! — دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن ئىمامنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئىمام ھەر كۈنى كېتىشكە رۇخسەت سورايتتى. لېكىن ئۇ كىشى تولىمۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، خىزمەت بەجا كەلتۇرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىمام ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز مەنزىلىگە قايتماقچى قارار قىلدى. ئۇ ئاتقا مىنمەكچى بولغان چاغدا ھېلىقى مەككار يانچۇقىدىن خەت پۈتۈلگەن بىر قەغەزنى ئېلىپ ئىمامغا ئۇزاتتى. ئىمام ئۇنى ئېچىپ ئوقۇۋىدى، مېھماندارچىلىقتا كەتكەن تامامى سەرپىياتلارنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. بارلىق سەرپىياتنى ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، ئۇنىڭ باھاسى مىنگەن ئات، ئىگەر-جابدۇق ۋە ئۇچىلىرىغا كىيگەن كىيىملەرنىڭ باھاسى بىلەن تەڭلىشىپتۇ. ئىمام بىرئاز ئويلاپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ خىراجىتىنى تۆلەشكە يېنىدا پۇل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئات، ئىگەر-جابدۇق، قالغان ھەممە نەرسىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ، خىراجەتنىڭ بەدىلىگە ھېسابلاپ بەردى. ئۆزى پىيادە ۋە يالاڭ ئاياغ ئۆز جايىغا قايتتى.

ئىمامغا يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلغان ئادەم ئەسلىدە كۆك كۆز، كۆزلىرى كىچىك ۋە ئىچىگە ئولتۇراڭغۇ كىشى ئىدى. كىمكى مۇشۇنداق سۈرەتتە بولسا، ئۇنىڭ قىياپىتى

ھىيلە-مىكىرلىك، خىيانەتكار، يامان خىسلەتلىك ۋە بىھايا-بىشەرم ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## ئىلمىي قىياپەتنىڭ بايانى

ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە دانىشمەنلەر ئادەمزاتنىڭ تامامىي ئەزالىرىنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە يامان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى تونۇشتا ئىدراك پەيدا قىلغۇچى ۋاستە دەپ قاراپ، ھەربىر كىشىنىڭ زاھىرى (كۆرۈنۈشى) دىكى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئۇلارنىڭ باتىنى (ئىچكى قىسمى، روھىيىتى) دىكى خاھ ياخشى، خاھ يامان سۈپەتلەردىن دالالەت بېرىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ۋە ئۇنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەندۇر. «كۆللى تەۋىل ئەھمەقۇل ئەئما ۋە كۆللى قەسىر فىتنەتۇل ئەئلا»[1] دېگەن ھەدىسمۇ بۇ ئىلمىي قىياپەتنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەيدۇ.

## ھېكايەت

نەقىل قىلىنىشچە، بىر كىشى چىراغ يورۇقىدا كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بىردىنلا كىتاب قۇرلىرىدىن: «ساقالنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ساقال ئىگىسىنىڭ ئەخمەقلىقىغا دەلىلدۇر» دېگەنلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۆزىنىڭ

---

① بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئېگىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قارىغۇ ئەخمەقتۇر، بارلىق پاكار ئادەملەر پىتنىخورنىڭ چوڭىدۇر، دېگەنلىكتۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ساقىلىنى تۇتۇپ كۆرۈۋېدى، ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دەرھال مەنمۇ ئەخمەقلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالماي دەپ ساقىلىنى مەھكەم تۇتاملىغان ھالدا ئۆز-ئۆزىگە: «مۇشۇ تۇتامدىن ئارتۇقىنى چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈپ، تۇتامىمدا قالغىنىنى ئېلىپ قالسام ماقۇل كۆپايە» دېدى-دە، ساقىلىنى چىراغقا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، ساقىلى تامامەن كۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغانلىقى ئۆز ئەخمەقلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

## باش ئالامەتلىرى

ھەر كىشىنىڭ بېشى چوڭ، چاسا ۋە تۈز بولسا، چاچلىرى قېلىن ۋە قۇۋۋەتلىك (يىرىك) بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەقىللىق، پەم-پاراسەتلىك، ھىممەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك (سېخىي) بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

كىمنىڭ بېشى كىچىك ۋە سوزۇنچاق بولسا، چاچلىرى كەم (شالاڭ) ۋە جانسىز بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەخمەق، جاھىل (نادان)، زېھنى تۆۋەن، گۇمراھ (يولدىن ئازغۇچى) ۋە ئېتىقادسىز ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## پېشانە ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇپ، سىزىقى بولماي تېكىس (تۈز) بولسا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلەر بولمىسا، بۇ

شۇ كىشىنىڭ ئۆچخور، نەپسى يامان، يالغانچى، ئالدامچى، تەكەببۇر ۋە هاۋايى-هەۋەسكە بېرىلگۈچى كىشى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئەگەر پېشانە ئوتتۇرا هال بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا سىزىقلىرى بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ راست سۆزلۈك، دوستقا سادىق، ئەقىل-تەدبىرلىك ۋە بەخت-سائادەتلىك بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

هەر كىشىنىڭ پېشانىسى تار بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ هاياسىز، نادان، قورقۇنچاق، پالاكەت ۋە نىجىس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ باش تەرىپىدىن تۆۋەنگە قاراپ بىر سىزىق تارتىلغان بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئاچچىقى يامان، ئۇرۇشقاق ۋە دائىما خاپا ئۆتىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

بەزىلەر پېشانىسىدىكى سىزىقلارنىڭ هەربىرى ئون يىللىق ئۆمرىدىن بەلگە بېرىدۇ، مەسىلەن سىزىق بىر بولسا ئون ياشقا، ئىككى بولسا يىگىرمە ياشقا، ئۈچ بولسا ئوتتۇز ياشقا كىرمەككە دەلىل بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە سىزىق قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆپ ياشقا كىرمەككە دەلىلدۇر.

## قاش ئالامەتلىرى

كىشىنىڭ قېشى كۆپ، ئۇزۇن ۋە مويلىرى قېلىن بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ خۇيى يامان، بى ئىقبال (بەختسىز)، تەكەببۇر، جاهىل ۋە ئۆز بېشىمچى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشى بىر-بىرىگە ئۇلانغان (قوشۇما قاش) بولسا، ئۇنداق كىشى ئۇلپەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەر كىشىنىڭ قېشى شۇنداق بولسا، ئايالىنى ياخشى كۆرىدىغان كېلۇر، ئايالنىڭ شۇنداق بولسا، جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت) نى كۆپرەك خالايدىغان بولۇر.

كىشىنىڭ قېشى ئۇزۇن-قىسقىلىقتا ۋە قارىلىقتا ئوتتۇرا هال بولسا، بۇ ئۇنداق كىشىنىڭ خۇش پەم، دىيانەتلىك، مۇلايىم مىجەزلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشىنىڭ ئالدى ئۇچى يوغان (توم)، ئاخىرقى ئۇچى ئىنچىكە بولسا، ئۇنداق كىشى ئۇرۇشقاق، پىتنىخور كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشى ئېگىز بولسا، ئۇنداق كىشى كەم ئەقىل، تەكەببۇر كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشى ئۇزۇن مويلۇق بولسا، بۇ ئۇنداق كىشىنىڭ هىممەتلىك ۋە شىجائەتلىك، ئاچچىقى تېز، ئۇرۇشقاق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## كۆز ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ كۆزلىرى چوڭ ۋە قارا بولسا، ئۇنداق كىشى سۇس ۋە غەيرەتسىز بولۇر، تەتۇرىچە كىچىك بولسا، ئۇنداق كىشى يەڭگىل ۋە كالتە پەم كېلۇر. چوڭلۇق ۋە كىچىكلىكتە ئوتتۇرا هال بولسا، ئۇنداق كىشى هايالىق ۋە ۋاپادار كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ كۆزلىرى چوڭ ۋە قارا بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ تەكەببۇر، پاسىق، كىشىنىڭ هەققىدىن قورقمايدىغان، دىلى بۇزۇق كىشى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇنىڭ تەتۈرىچە كۆزى ئىرغىپ (پولتىيىپ) چىققان بولسا، ئۇنداق كىشى بىھايا ۋە بېخىل كېلۇر.

كۆزىنى تېز-تېز ئېچىپ-يۇمۇپ تۇرىدىغان كىشى ئالدامچى ياكى ئوغرى كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى چوڭ، قىزىل ئەمما بى ئىللەت (كېسەلدىن خالىي) ۋە غۇبارسىز بولسا، بۇ ئۇنداق كىشىنىڭ ئۆمرى ۋە پالۋانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەمما، چېقىر كۆزلۈك كىشى بېخىل، بىھايا ۋە ھىممەتسىز كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ كۆزى كىچىك ۋە كۆك بولسا، بۇنداق كىشى ھىيلىگەر، ئالدامچى ۋە شەھۋەتپەرەس كېلۇر.

كىشىنىڭ كۆزى مۇشۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشاش يۇمىلاق بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ سائادەتمەن ۋە بەختىيار بولمىقىغا دەلىلدۇر.

كۆزنىڭ چوڭ-كىچىكلىكتە، قارا ۋە قىزىللىقتا ئوتتۇرا ھال بولۇشى شۇ كىشىنىڭ ياخشى خۇلقلىق ۋە ياخشى ئادەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ كۆز ئېقىدا قىزىل تومۇرلار بولسا، ئۇنداق كىشى شەھۋەتپەرەس كېلۇر.

## قۇلاق ئالامەتلىرى

كىشىنىڭ قۇلىقى چوڭ بولسا، ئۇنداق كىشى ياخشى ئادەم بولۇر. ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنتۇمايدىغان، بەزىدە ئاچچىقى تۇتىدىغان كېلۇر. بۇ خىل كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

كىشىنىڭ قۇلىقى كىچىك بولسا، ئۇنداق كىشى نادان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاھىل بولۇر، ئوتتۇرا ھال بولسا، ئۇ كىشى ئەقىل-پاراسەتلىك، سائادەتمەن بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدىكى يۇمشىقى گۆشلۈك بولسا، ئۇنداق كىشى بەدۆلەت (دۆلەتمەن) بولۇر.

## بۇرۇن ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بۇرنى ئىنچىكە بولسا، ئۇنداق كىشى يەڭگىل ۋە كەم ئەقىل كېلۇر.

كىشىنىڭ بۇرنى چوڭ، يالپاڭ ۋە تۆشۈكلىرى يوغان بولسا، ئۇنداق كىشى تېز ئاچچىقلىنىدىغان ۋە سىر-شەھۋەت كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بۇرنى ئەگرى بولسا، ئۇنداق كىشى ئىككى يۈزلىمىچى ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا كۆپ ماڭىدىغان كېلۇر.

كىشىنىڭ بۇرنى ئۇزۇن ۋە چوڭ بولۇپ، ئۇچى تۇتىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش بولسا، ئۇنداق كىشى بەدۆلەت بولۇر. ئەمما، چوڭ-كىچىكلىكتە ئوتتۇرا ھال بولسا، بۇنداق كىشى خۇش پەم ۋە خۇش پاراسەتلىك كېلۇر.

كىشىنىڭ بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولسا، ئۇنداق كىشى كەمبەغەل ۋە قاششاق بولۇر.

## لەۋ ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ لېۋى گۆشلۈك ۋە قېلىن بولسا، بۇنداق

كىشى ئەخمەق ۋە ئىقتىدارسىز ھەمدە ھەممە كىشىگە ئۆچ-ئاداۋەت ساقلايدىغان كېلۇر. ئەكسىچە كىشىنىڭ لېۋى نېپىز بولسا، بۇنداق كىشى خۇش پەم ۋە نازۇك تەبىئەتلىك بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ لېۋى قارا ياكى كۆك بولسا، بۇنداق كىشى بەتنەپس (نەپسى يامان) ۋە بەتئەسل (زاتى يامان) كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ لېۋى قىزىل بولسا، ئۇنداق كىشى سائادەتمەن ۋە خۇش ئەسل (زاتى ياخشى) كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ لېۋى سېرىق بولسا، ئۇنداق كىشى كېسەلمەن بولۇر.

## ئېغىز ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئېغىزى چوڭ بولسا، ئۇ كىشى يۈرەكلىك ۋە بەقۇۋۋەت (كۈچلۈك) بولۇر. ئەكسىچە كىچىك بولسا، ئۇنداق كىشى يۈرەكسىز ۋە قورقۇنچاق كېلۇر. خوتۇن كىشىنىڭ ئېغىزى چوڭ بولسا، ئۇنى ئەسلا چارچىتىپ بولماس. نەئەزۇ بىللاھ مىن زالىكە (بۇنىڭدىن خۇدا ساقلىسۇن).

## چىش ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ چىشى چوڭ ۋە بىر-بىرىگە يېپىشقان بولسا، ئۇنداق كىشى شەرارەت پىشە (يامانلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنى كەسىپ قىلغۇچى) بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر كىشىنىڭ چىشى ئۇششاق ۋە بىر-بىرىدىن ئاجراپراق تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداق كىشى ساغلام ۋە كەم كېسەل بولۇر.

كىشىنىڭ چىشى ئەگرى ۋە ئېگىز-پەس بولسا، ئۇنداق كىشى ئالدامچى ۋە خىيانەتكار كېلۇر.

كىشىنىڭ چىشىنىڭ ئارىلىرى ئوچۇق ۋە تەكشى بولسا، ھەمدە چوڭ-كىچىكلىكتە ئوتتۇرا ھال بولسا ئۇنداق كىشى سائادەتمەن، ئادىل، ئىنساپلىق، توغرا يوللۇق كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ چىشى ئوتتۇز، ئوتتۇز بىر ياكى ئوتتۇز ئىككى بولسا، ئۇنداق كىشى زېرەك ۋە دۆلەتمەن بولۇر. ئەگەر ئوتتۇزدىن تۆۋەن بولسا، پالاكەت ۋە قاششاق بولۇر.

## تىل ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ تىلى ۋە تاڭلىيى قىزىل بولسا، ئۇ كىشى سائادەتمەن ۋە خۇشخۇي بولۇر. ئەمما، كىشىنىڭ تىلى قارا ياكى سېرىق بولسا، بەتخۇي ۋە نەس تەبىئەتلىك بولۇر.

## جاۋغاي ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ جاۋغىيى كەم گۆش ۋە ئاتنىڭ جاۋغىيىغا ئوخشاش بولسا، ئۇنداق كىشى خۇشخۇي بولۇر. ئەكسىچە گۆشلۈك بولسا، ئۇ كىشى نادان ۋە تەكەببۇر كېلۇر. ئەمما، ئوتتۇرا ھال بولسا، ئۇ كىشى ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە ھۈنەرۋەن كېلۇر.

## گەدەن ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بوينى كالتە بولسا، ئۇنداق كىشى ھىيلىگەر ۋە ئالدامچى كېلۇر. ئەكسىچە بوينى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشى قورقۇنچاق ۋە ئەخمەق كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ گەدىنى گۆشلۈك ۋە يوغان بولسا، ئۇنداق كىشى راست سۆزلۈك، ئىنساپلىق ۋە مەسلىھەتچان كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ گەدىنىدە بىر سىزىق بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن كېلۇر. ئىككى سىزىق بولسا، ھۇنەرۋەن بولۇر. ئۈچ سىزىق بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.

## يۈز ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ يۈزى گۆشلۈك بولسا، ئۇنداق كىشى غەيرەتسىز، ئۇنتۇغاق، نادان ۋە بەتخۇي بولۇر، ئەكسىچە يۈزىدە ئەسلا گۆشى بولمىسا، ئۇنداق كىشى يامان نىيەتلىك ۋە يامان پىكىرلىك كېلۇر. ئەگەر ئوتتۇرا ھال بولسا، خۇشخۇي كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، ئۇنداق كىشى يامان نىيەتلىك بولۇر.

## ساقال ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ساقىلى ئاز بولسا، ئۇ كىشى زېرەك، دانا، ئەقىللىق ۋە ھوشيار كېلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر كىشى تىكەرەك (شالاڭراق) ساقاللىق بولسا، ئۇنداق كىشى تەمكىن، سەۋرچان ۋە پىكىرلىك بولۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ ساقىلى كۆپ ۋە ئۇزۇن بولسا، ئۇنداق كىشى نادان ۋە ئەخمەق كېلۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ ساقىلى كۆپ ۋە قېلىن (قويۇق) بولسا، ئۇنداق كىشى پەمسىز ۋە گۇمراھ كېلۇر.

## يەلكە ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ يەلكىسى كەم گۆش (گۆشسىز) ۋە ئورۇق بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ دىلىدا يامان خىيال ۋە بۇزۇقلۇق ئورۇن ئالغان بولىدۇ.
ھەر كىشىنىڭ يەلكىسى گۆشلۈك ۋە يوغان بولسا، بۇ ئەخمەقلىقىنىڭ نىشانىدۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ يەلكىسىدە يۇڭى بولسا، بۇ كەمبەغەل بولماققا دەلىلدۇر.
ئەگەر كىشىنىڭ يەلكىسى يۇڭسىز ۋە ئوتتۇرا ھال بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك، بەخت-سائادەتلىك ۋە مىجەزى يېقىملىق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## بىلەك ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بىلىكى ئۇزۇن ۋە قولتۇقى گۆشلۈك بولسا، ئۇنداق كىشى بەخت-ئىقباللىق، پاراۋان رىزقلىق

بولۇر، ئەكسىچە كىشىنىڭ بىلىكى كالتە ۋە قولتۇقى كەم گۆش بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ كەمبەغەل بولمىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

## كۆكرەك ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ كۆكرىكى كەڭ ۋە گۆشلۈك بولسا، بەختىيارلىقىنىڭ نىشانىدۇر. ئەكسىچە كىشىنىڭ كۆكرىكى تار ۋە كەم گۆش بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ نەسلىكى ۋە بەتبەختلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## ئەمچەك ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئەمچىكى چوڭ بولسا، دۆلەتمەن ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇر، ئەگەر بىر ئەمچىكى چوڭ، يەنە بىر ئەمچىكى كىچىك بولسا، بۇ بەتبەختلىكنىڭ نىشانىدۇر.

## قورساق ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ قورسىقى چوڭ بولسا، ئەخمەق بولۇر، ئوتتۇرا ھال بولسا، مەسلىھەتچان، ئەقىلدار ۋە ھوشيار بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قورسىقىدا بىر سىزىقى بولسا، ئۇ كىشى تىغ بىلەن ئۆلگۈسىدۇر. ئىككى سىزىقى بولسا، ئايال بىلەن كۆپرەك ئۇلپەتچىلىك قىلۇر ۋە سۆھبەتتە بولۇر. ئۈچ سىزىقى بولسا، ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ھوشيار بولۇر. تۆت ياكى بەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىزىقى بولسا، يەنە يۇقىرىقىدەك بولۇر. ئەمما، ھېچقانداق سىزىق بولمىسا، ئۇ كىشى بەخت-ئىقباللىق بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ كىندىكى چوڭ ۋە يۇمىلاق بولسا، دۆلەتمەن ۋە سائادەتمەن بولۇر.

## ئۇچا ئالامەتلىرى

ھەر كىشىنىڭ ئۇچىسى يوغان بولسا، بۇ كۈچ-قۇۋۋەتلىك، شىجائەتلىك، تەكەببۇر بولمىقىغا نىشاندۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قامىتى پۈكۈك بولسا، بۇنداق كىشى يامان پېئىللىق بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بېلى ئۇزۇن بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ نەس تەبىئەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ نىشانىدۇر. ئەگەر ئوتتۇرا ھال بولسا، بۇ سائادەتمەن ۋە بەختىيارلىقىقا دەلىلدۇر.

## رەڭ ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ رەڭگى ئانار دانىسىدەك قىزىل بولسا، ئۇنداق كىشى ئىتتىك، تېز خاپا بولىدىغان ۋە ھەربىر ئىشتا ئالدىراپ ھودۇقۇپ تۇرىدىغان كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ رەڭگى كۆك رەڭلىك بولسا، نىيىتى يامان كېلۇر.

كىشىنىڭ رەڭگى ئاق قىزىل بولسا، خۇش خۇلقلىق ۋە ياخشى پېئىللىق بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇپ، ئەمما قارىغا مايىل بولسا، يامان سۆپەتلىك بولۇر.

كىشىنىڭ رەڭگى بوغداي ئۆڭلۈك بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ خۇش خۇلقلىق، ئاقىل، تېز پەم (تېز پىكىرلىك) خۇش پاراسەت ۋە بەختىيارلىقىغا دەلىلدۇر.

## بەدەن ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنى مۇلايىم (يۇمشاق) بولسا، ئۇنداق كىشى پەم-ئىدراكلىق، مىجەزى يېقىملىق ۋە خاراكتېرى ئازادە كېلۇر. ئەگەر بەدىنى قاتتىق بولسا، بۇنداق كىشى باقۇۋۋەت، ئېتقىدارسىز، بىپەم بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ تېرىسى نەپىس ۋە يۇمشاق بولسا، ئۇنداق كىشى ياخشى خۇلق ۋە ياخشى سۆپەتلىك بولۇر.

## موي ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدىكى مويلىرى باقۇۋۋەت بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ شىجائەتلىك ۋە باتۇرلۇقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر يۇمشاق بولسا، ئۇنداق كىشى قورقۇنچاق كېلۇر.

ئەگەر يىرىك ۋە يۇمشاقلىقتا ئوتتۇرا هال بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىچى-تېشىنىڭ توغرا ۋە ياخشىلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ كۆكرىكى ۋە قورسىقىدا مويلىرى كۆپ بولسا، ئۇنداق كىشى ئەخمەق-دۆت كېلۇر. ئۇ يەرلەردە موي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەم بولسا، لاتاپەتلىك ۋە ئەقلى زىيادە بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ مويلىرى سېرىق بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەخمەقلىقىغا دەلىلدۇر. قىزىل بولسا، پالۋان ۋە سالامەت بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ مويلىرى قارىلىقتا، قاتتىقلىق ۋە يۇمشاقلىقتا ئوتتۇرا هال بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەقىللىق ۋە ياخشى مىجەزلىك ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئەگەر هەر كىشىنىڭ بەدىنىدە بىر تۆشۈكتىن بىر تال موي چىقسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ دۆلەتمەن بولمىقىغا نىشاندۇر، بىر تۆشۈكتىن ئىككى تال موي چىقسا، هۈنەرۋەن بولمىقىغا دەلىلدۇر. ئۈچ تال موي چىقسا، كۆپ ئىبادەت قىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. تۆت تال موي چىقسا، كەمبەغەل ۋە قاشىشاق بولمىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدىكى مويلار ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشىنىڭ پەيلى يامانلىقىغا دەلىلدۇر.

## ئاۋاز ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئاۋازى يوغان ۋە ئۇستۇن بولسا، ئۇنداق كىشى پالۋان بولۇر. ئەكسىچە، يۇمشاق ۋە ئىنچىكە بولسا، تامامى خۇي-پەيلى ياخشى بولۇر.

هەر كىشى دىمىغى بىلەن سۆزلىسە، ئۇنداق كىشى تەكەببۇر كېلۇر.

كىمكى بەد ئاۋاز (يېقىمسىز ئاۋاز) بولسا، ئۇنداق كىشى ئەخمەق كېلۇر.

يۇمشاق ۋە ئاستا سۆزلەيدىغان كىشى ئاقىل ۋە دانا كېلۇر. ئەكسىچە تېز سۆزلەيدىغان كىشى يامان خۇيلۇق بولۇر.
سۆزلىگەندە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان كىشى زېرەك ۋە پاراسەتلىك كېلۇر.

## كۇلكە ئالامەتلىرى

ھەر كىشى كۇلگەندە قاتتىق ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۇلسە، بۇ ئۇنىڭ نادان ۋە بىھايا ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. كۇلگەندە پەس ئاۋاز بىلەن كۇلىدىغان كىشى ياخشى پىكىرلىك، ھايالىق، خۇش خۇلقلىق ۋە تەمكىن بولۇر.

## قامەت ئالامەتلىرى

كىشىنىڭ بويى ئېگىز بولسا، ئەخمەق كېلۇر، ئەكسىچە، قىسقا بولسا، پىتنىخور كېلۇر. ئوتتۇرا بويلۇق بولسا، ھېكمەتلىك، پاراسەتلىك ۋە ساپ دىل بولۇر.
دانىشمەنلەر شۇنداق دەپتۇكى: ھەر كىشىنىڭ بويى ئۆزىنىڭ پەنجىسىدە بىر يۇز يىگىرمە پەنجە كەلسە، قامەتنىڭ ياخشىراقى شۇدۇر. ئۇنىڭدىن قانچىلىك كەم بولسا، شۇنچە نۇقسانلىق بولۇر.[1]

---

(1) بۇ يەردىكى «پەنجە» ئۇقۇمى تازا ئېنىق ئەمەس. ئەسلىدە، «پەنج» بەش دېگەن بولۇپ، بەش بارماقنى كۆرسىتەتتى. بۇ بويىچە ئۆلچىگەندە ئادەمنىڭ بويى 7.8 مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ بىر بارماقنىڭ كۇندىلەك قىسمىنى كۆرسەتسە كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## مىڭىش ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشى يول يۈرگەندە ئايىغىنى ئەگرى قويسا، ئۇنداق كىشى ئۇلۇغلار ئۇستىدىن غەيۋەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى يامان سۆپەتلەر بىلەن يادلايدىغان كىلۇر.

ئەگەر كىشى يول يۈرگەندە قەدىمىنى تېز-تېز ئېلىپ ماڭسا، قەھرى-غەزەپلىك ۋە جاھالەتلىكنىڭ نىشانى بولسا كېرەك.

ئەگەر ماڭغاندا تولىمۇ ئاستا قەدەم بىلەن يۈرسە، غەمكىنلىكنىڭ نىشانىدۇر.

ئەگەر يول يۈرگەندە ئوتتۇرا هال قەدەم بىلەن يۈرسە، ئۇنداق كىشىنىڭ زاهىرى بىلەن باتىنى ياخشى سۆپەتلىك بولۇر.

كىشى يول يۈرگەندە يەرنى قاتتىق دەسسەپ ماڭسا، يامانلىقنىڭ نىشانىدۇر.

ئەگەر يول يۈرگەندە قەدەمنى يىراق-يىراق قويۇپ ماڭسا، جاهالەت ۋە هاماقەتلىكنىڭ نىشانىدۇر.

## تاپان ئالامەتلىرى

كىشىنىڭ تاپىنى گۆشلۈك بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ تاپىنى قىزىل بولسا، خۇش پېئىل ۋە ئازادە مىجەزلىك بولۇر، ئەگەر سېرىق رەڭلىك بولسا، پاسىقلىق

ۋە گۇناھكارلىقىنىڭ نىشانىدۇر، ئاق ياكى قارا رەڭلىك بولسا، بەتبەختلىكىنىڭ نىشانىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ تاپىنىدا سىزىقلىرى كۆپ ياكى ئاز بولسا، ئۇ يامانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر، ئوتتۇرىچە بولسا بەختۇئىقباللىق بولۇر.

## پەنجە (بەش بارماق) ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ بارماقلىرى ئۇزۇن بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولماقلىقى نىشاندۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بارماقلىرى ئىنچىكە ۋە يۇمشاق بولسا، بەختىيارلىقىنىڭ نىشانىدۇر. يۇمىلاق، قاتتىق ۋە ئەگرى بولسا، بەتبەختلىكىنىڭ نىشانىدۇر.

ئەگەر كىشى بارماقلىرىنى يۇمغاندا، ئارىسى ئوچۇق تۇرسا، كەمبەغەل بولۇر، يۇمغاندا بارماقلىرى جىپسى تۇرسا دۆلەتمەن بولۇر.

## تىرناق ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ تىرناقلىرى قىزىل بولسا، ئۆلىما، ئەقلى كامىل، زېرەك، دۆلەتمەن ۋە سېخىي تەبىئەتلىك بولۇر، ئەگەر سېرىق ياكى قارا بولسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ پەرىشان ھال، كەمبەغەل ۋە بەتبەخت بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سان ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ سىنى گۆشلۈك بولسا، ئۇنداق كىشى ئايال بىلەن كۆپرەك ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا بېرىلىدىغان كېلۇر.
كىشىنىڭ سىنى قاتتىق بولۇپ، مويلىرى ئاز بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.

## پاقالچاق ئالامەتلىرى[1]

ئەگەر كىشىنىڭ پاقالچىقى مويلۇق (يۇڭلۇق) ۋە يوغان بولسا، ئۆمرىدە كۆپرەك پىيادە يۈرىدىغان بولۇر ۋە كەمبەغەللىكتە ئۆتەر.
ئەگەر كىشىنىڭ پاقالچىقى ئۇزۇن بولسا، تەكەببۇر ۋە ھەسەتخور كېلۇر، كالتە بولسا كەمبەغەل ۋە نامرات بولۇر، ئوتتۇرا ھال بولسا، بۇ شىجائەتلىك، ساخاۋەتلىك، بەختىيارلىق ۋە زاتى ئېسىللىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## ئوشۇق ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئوشۇقى گۆشلۈك بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ ئوشۇقىدا موي بولسا، كەم پەرزەنتلىك

---

① بۇ ماۋزۇ ئەسلىي نۇسخىدا يوق. تاشلاپ كېتىلگەن، دىمې قارىلىپ قوشۇپ قويۇلدى.

بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بىر ئوشۇقى چوڭ، بىر ئوشۇقى كىچىك بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئۆمرى كۆپرەك تۇتقۇنلۇقتا ئۆتەر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئوشۇقى كىچىك ۋە يۇمىلاق بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.

ھەر كىمنىڭ ئوشۇقى ئۇزۇن ۋە ئەگرى بولسا، قاششاق ۋە ئىقبالسىز بولۇر.

## پاشنا ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ پاشنىسى كىچىك ۋە يۇمشاق بولسا، دۆلەتمەن بولماقنىڭ نىشانىدۇر.

كىشىنىڭ پاشنىسى چوڭ ۋە ئەگرى بولسا، ئۇنداق كىشى كەمبەغەل بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ پاشنىسى گۆشلۈك بولسا، يول يۈرگەندە يەرگە يېپىشىپ تۇرسا ۋە ئىزى چوڭ بولسا، ئۇنداق كىشى ئوغرى كېلۇر.

## ئاياغ ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئايىغى يۇمىلاق ۋە كەم موي بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ بەختىيار، سائادەتمەن ۋە دۆلەتمەن بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئايىغى سوزۇق ۋە يەرگە يېپىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرىدىغان (سۇپرا تاپان) بولسا، بۇ كەمبەغەللىكنىڭ نىشانىدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستى سېرىق ياكى قارا بولسا، ئۇنداق كىشى كەم پەرزەنت، پاسىق ۋە ناچار كىشى بولۇر.

ھەر كىمنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدا سىزىقى بولمىسا، ئۇنداق كىشى كۆپرەك پىيادە يۇرىدۇ.

ئەگەر كىشىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستى قىزىل ۋە يۇمشاق بولسا، ئاقىل ۋە دۆلەتمەن بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئىككى ئايىغىدا كۆندىلەڭ تەرەپكە (توغرىسىغا) قاراپ كاۋىكى بولسا، ئۇنداق كىشى كۆپرەك ئاتلىق يۇرىدۇ (پىيادە يۇرمەيدۇ).

## ئاياغ بارماقلىرى ئالامەتلىرى

ئەگەر كىشىنىڭ ئاياغ بارماقلىرى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ تېز پەم بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەگەر يوغان ۋە كالتە بولسا، زېھنى تۆۋەن بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ پۇت بارماقلىرى بىر-بىرىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولسا، پەرىشان ھال بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ باشمالتىقىدىن ئۇنىڭ يېنىدىكى بارمىقى ئۇزۇن بولسا، ئۇنداق كىشى بەخت-ئىقباللىق، مالدار بولۇر ۋە ئايالىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەر.

ئەگەر مەزكۇر بارمىقى باشمالتىقىدىن كالتە بولسا، ئايالى

ئۆزىدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەر.

ئەگەر كىشىنىڭ ئاياغ بارماقلىرى كىچىك بولسا، ئۇنداق كىشى بەتئەسىل ۋە يامان سۈپەتلىك كېلۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ پۇت باشمالتىقى كالتە ۋە يوغان بولسا، ئۇنداق كىشى جاھان كەچتى بولۇر.

كىشىنىڭ ئاياغ تىرناقلىرى سىرىق ياكى قارا بولسا، بۇ ئەيىبدارلىقئا نىشاندۇر. ئەگەر قىـــزىل ۋە سۇزۇك بولسا، ھۇنەرۋەن بولۇر.

## باشقا ھەر خىل ئالامەتلەر

ئەگەر كىشىنىڭ پىشانىسىدە قارا خال (مەڭ) بولسا، دۆلەتمەن ۋە بەخت-ئىقباللىق بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ يەلكىسى پىلىنىڭ يەلكىسىگە ئوخشاش دۆڭ بولسا، دۆلەتمەن بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ يەلكىسى مايمۇننىڭ يەلكىسىگە ئوخشاش گۆشسىز ۋە چوڭقۇر بولسا، پالاكەت ۋە قاششاق بولۇر.

* * *

ئىلمىي قىياپەتكە ماھىر بولغان كىشى شۇنى ئېسىـــدە تۇتۇشى لازىمكى، ئەگەر بىر كىشىدە يامان سۈپەتكە دالالەت بىرىدىغان ئالامەتلەر كۆپرەك بولۇپ، ياخشى سۈپەتكە دالالەت بىرىدىغان ئالامەتلەر كەمرەك بولسا، بۇنداق كىشىنى يامانلىق تەرەپتىن كۆزەتمەك كېرەك. ئەكسىچە، بىر كىشىدە ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەپكە دالالەت بىرىدىغان ئالامەتلەر كۆپرەك بولۇپ، يامانلىققا دالالەت بىرىدىغان ئالامەتلەر كەمرەك بولسا، بۇنداق كىشىنى ياخشىلىق تەرەپتىن كۆزەتمەك لازىمدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالامەتلەر ئەر ۋە ئايالغا ئورتاقتۇر.

# پاراسەتكە دائىر ھېكايەتلەر

## بىرىنچى ھېكايەت

ئىككى ئايال بىر بالىنى تالىشىپ جاڭجال چىقاردى ۋە گۇۋاھچىلىرى يوق ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئادالەت بىلەن سورىماقنى تەلەپ قىلىشتى. قازى جاللاتنى چاقىرىپ بۇيرۇدى:
— بۇ بالىنى ئىككى پارە قىلىپ، بۇ ئىككى ئايالغا بۆلۈپ بەرگەيسەن.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئايالLARنىڭ بىرى جىم بولۇپ قالدى، يەنە بىرى بولسا پىغان چېكىپ، غوۋغا كۆتۈردى:
— ئەي قازى، خۇدانىڭ ھەققى-ھۆرمىتىدە بالىنى ئىككى پارە قىلمىغىن، ئەگەر ئادالەت مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن بالىنى ئالمايمەن.
قازى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ مۇشۇ ئايال ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بالىنى تاپشۇرۇپ بەردى، يەنە بىرىنى بولسا قامچىلاپ قوغلىۋەتتى.

## ئىككىنچى ھېكايەت

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلدى:
— بىر كىشى ھەمىشە مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىدىكەن، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خوتۇنۇمنىڭ ئاشنىسىدەك قىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم ۋە بىلەلمىدىم، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى خالايمەن. شۇڭا، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ھەزرەتلىرىدىن ئادالەت ئۈمىد قىلىمەن.

پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر شىشە ئەتىر بېرىپ:

— بۇنى خوتۇنۇڭغا بەر ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنى ھېچكىمگە بەرمىگىن» دەپ تاپىلا، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. پادىشاھ بولسا، بىرنەچچە قاراۋۇللارنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، كىمنىڭ كىيىمىدىن ئەتىرنىڭ پۇرىقى كەلسە، شۇنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەلقىسسە، ئۇ خوتۇننىڭ ئۇلپىتى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ يېتىپ كەلدى، خوتۇن ئەتىرنى ئېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە چاچتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئېرىم بۇ ئەتىرنى ھېچكىمگە بەرمىگىن، دەپ تاپىلىغانىدى، سەن مېنىڭ جانۇ دىلىم تۇرساڭ، سېنىڭ ئىشىڭغا يارىمىغان نەرسە، نېمىگە يارىغاي؟!

ھېلىقى كىشى خوتۇننىڭ ئالدىدىن چىقىۋېدى، قاراۋۇللار ئەتىرنىڭ بۇيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ خوتۇننىڭ ئېرىنى چاقىرىپ:

— خوتۇنۇڭنىڭ ئاشنىسى ھازىر قىلىندى، ئۇنى ئۆلتۈرەمسەن، خاھى كەچۈرەمسەن، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

## ئۈچىنچى ھېكايەت

بىر ئايال قازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:
— پالان كىشى ماڭا زورلۇق بىلەن باسقۇنچىلىق قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى. قازى ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ:
— نېمە ئۈچۈن بۇ خوتۇننىڭ ئابرۇيىنى تۆكتۈڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى، ئۇ كىشى ئىنكار قىلدى.
— بۇ ئايالغا ئون روپىيە جەرىمانە بەر، — دەپ بۇيرۇدى قازى.
ھېلىقى كىشى قازىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىلاجسىز ئايالغا ئون روپىيە بەردى. ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازى ئۇنىڭغا يەنە بۇيرۇدى:
— ھېلىقى ئون روپىينى ئايالدىن تارتىۋال!
ئۇ كىشى قازىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايالدىن پۇلنى ئالالمىدى. ئايال قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە ئەرز قىلدى:
— بۇ كىشى ئون روپىينى ئېلىۋالىمەن دەيدۇ، مەن يەنىلا بەرمىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ رازىلىقى بولسا بەرگەيمەن.
— ئۇ كىشى، — دېدى قازى، — سەندىن ئون روپىينى زورلۇق بىلەن ئالالمىغان يەردە، سېنىڭ رازىلىقىڭسىز نېچۈك باسقۇنچىلىق قىلالىغاي؟! يالغان سۆزلەپسەن، بار ئون روپىينى دەرھال ئۇنىڭغا تاپشۇر، ئىككىنچى بۇنداق توقۇما سۆزنى قىلغۇچى بولما!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تۆتىنچى ھېكايەت

بىر شەھەردە بىر ئامبار پاختا ئوغرىلاندى. پاختىپۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلدى. پادىشاھ ھەرقانچە كۆچىسىمۇ ئوغرى تۇتۇلمىدى.

— ئەگەر پەرمان بولسا، ئوغرىلارنى مەن تۇتقايمەن، — دەپ ئەرز قىلدى بىر ئەمىر. پادىشاھ ئىجازەت بەردى. ئەمىر ئۆيگە كېلىپ، شەھەرنىڭ ئۇلۇغ-كىچىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى زىياپەت باھانىسى بىلەن ئۆيىگە چاقىردى. ھەممە كىشى جەم بولۇپ ئولتۇرغان چاغدا ئەمىر سورۇنغا كىرىپ كەلدى ۋە ھەممە كىشىنىڭ يۈزىگە قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى:

— قانداق هارامزادە، بىھايا ۋە ئەخمەق كىشىلەر بۇ، پاختا ئوغرىلايدۇ-يۇ، يەنە پاختىنى ساقاللىرىغا چاپلاشتۇرۇپ، بۇ هال بىلەن مېنىڭ زىياپىتىمگە هازىر بولۇپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىرقانچە كىشى قوللىرى بىلەن ساقاللىرىنى ئېيتىپ تازىلىماق بولدى. ئەمىرگە مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئوغرىلار ئىدى. پادىشاھ ئەمىرنىڭ ھېكمىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

## بەشىنچى ھېكايەت

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆتكەن كېچە شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۆيۈمگە كېلىپ، مېنىڭ كېنىزىكىمگە باسقۇنچىلىق قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى.

— ئەگەر، — دېدى پادىشاھ، — ئۇ كىشى يەنە زورلۇق بىلەن ئۆيۈڭگە كەلسە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مېنى خەۋەردار قىلغايسەن.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ كىشى يەنە كېلىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىگىسى پادىشاھقا خەۋەر قىلدى، پادىشاھ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئاندىن ئۆيدىكى كىشىنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىن چىراغ كەلتۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدى ۋە ئۆي ئىگىسىگە:

— ئەمدى ئۆيۈڭدە يېگۈدەك قانداق تائام بولسا، كەلتۈرگىن، — دېدى. ئۆي ئىگىسى تائام كەلتۈردى، پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن يېدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۆي ئىگىسى، — ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈردۈڭ، ئاندىن كېيىن يەنە چىراغ تەلەپ قىلدىڭ، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدىڭ ۋە بىمەزگىل تائام يېدىڭ، بۇ نېمە سەۋەبتىندۇر؟

پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مۇنداق ئىشنى قىلىشقا باشقا كىشىدە قۇدرەت يوقتۇر، شۇڭا ئوغلۇمدىن گۇمان قىلغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈردۈم. چۈنكى، ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى كۆرگۈدەك بولسام، مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قۇدرەت تاپالماس ئىدىم. ئۆلگەندىن كېيىن چىراغ تەلەپ قىلدىم ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ، ئوغلۇم ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر ئادا قىلدىم. باشتا سەن مەندىن ئادالەت تەلەپ قىلغاندا، مەن ئۆزۈمگە تاكى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمىگىچە ھېچ

نەرسە يېمەيمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم، شۇ چاغدىن تا ھازىرغىچە ھېچ نەرسە يېمىگەنىدىم، شۇ سەۋەبتىن تائامنى بىمەزگىل يېدىم.

## ئالتىنچى ھېكايەت

بىر دانىشمەن بىر ئەتتار[1]غا مىڭ ئالتۇننى ئامانەت قويۇپ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە زاماندىن كېيىن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، ئەتتاردىن ئالتۇنلىرىنى تەلەپ قىلدى.

— يالغان سۆزلەيسەن، ماڭا ئالتۇن تاپشۇرغىنىڭ يوق، — دېدى ئەتتار تېنىۋېلىپ. دانىشمەن ئەتتارنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئادەملەر توپلىشىپ، دانىشمەننى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلىدى:

— بۇ ئەتتار، — دېدى ئۇلار، — تولىمۇ دىيانەتلىك ئادەمدۇر، ئەسلا خىيانەت قىلمايدۇ، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن جاڭجال چىقارساڭ، جازاغا يولۇققىنىڭ شۇدۇر.

دانىشمەن ئىلاجسىز پۈتۈن ئەھۋالنى يېزىپ، پادىشاھقا سۇندى.

— بارغىن، — دېدى پادىشاھ، — ئەتتارنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمە. تۆتىنچى كۈنى مەن ئۇ يەردىن ئۆتىمەن ۋە ساڭا سالام قىلىمەن، سەن سالىمىمغا جاۋابتىن باشقا ھېچقانداق سۆز دېمەيسەن، مەن ئۇ

---

[1] ئەتتار — پۇراقلىق نەرسە ۋە دورا-دەرمەكلەرنىساتقۇچى كىشى.

يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئەتتاردىن پۇللىرىڭنى تەلەپ قىل، ئۇ نېمە دېسە، ماڭا خەۋەر قىلغايسەن.

دانىشمەن پادىشاھنىڭ ھۆكۇمى بويىچە ئەتتارنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇردى. تۆتىنچى كۈنى دېگەندەك پادىشاھ ھەشەمەت بىلەن ئۇ يەردىن ئۆتتى. دانىشمەننى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. دانىشمەن شاھنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى.

— ئەي بۇرادەر، — دېدى پادىشاھ، — نېمىشقا ئانچە-مۇنچە مېنىڭ قېشىمغا بارمايسەن ۋە ئەھۋالىڭنى ماڭا سۆزلىمەيسەن؟

دانىشمەن بېشىنى سەل-پەل قىمىرلاتتى-يۇ، باشقا سۆز قىلمىدى. ئەتتار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قورقتى ۋە دانىشمەنگە مۇنداق دېدى:

— ئالتۇنلىرىڭنى ماڭا تاپشۇرغىنىڭدا مەن قەيەردە ئىدىم، مېنىڭ ئالدىمدا كىم بار ئىدى، سۆزلە، بەلكىم ئۇنتۇپ قالغاندىمەن.

دانىشمەن ھەممە ۋەقەنى سۆزلىگەنىدى، ئەتتار:

— راست دەيسەن، ئەمدى مېنىڭ يادىمغا چۈشتى، — دېدى ۋە مىڭ ئالتۇننى دانىشمەنگە تاپشۇرۇپ، ئۆزرە قويدى.

## يەتتىنچى ھېكايەت

ئىككى كىشى ماللىرىنى بىر قېرى كەمپىرگە تاپشۇردى ۋە:

— ئىككىمىز قاچان كەلگۈدەك بولساق، شۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالىمىز، — دېيىشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ:

— مېنىڭ شېرىكىم ئۆلۈپ كەتتى، ماللارنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. كەمپىر نائىلاج ماللارنى ئۇنىڭغا بەردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە بىرى كېلىپ ماللارنى تەلەپ قىلدى.

— شېرىكىڭ كېلىپ، سېنى ئۆلدى دەپ ماللارنى تەلەپ قىلدى، ھەرقانچە قىلدىم ۋە ھۆججەت تەلەپ قىلدىم، لېكىن سۆزۈمنى ئاڭلىماي ھەممە ماللارنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى كەمپىر. مەزكۇر كىشى كەمپىرنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئادالەت تىلىدى. قازى كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، كەمپىرنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئاۋۋال ھەر قاچان ئىككىمىز كېلىمىز ۋە مالنى ھەر ئىككىمىز بىرلىكتە ئالىمىز دەپ شەرت قىلغان ئىكەنسىلەر. سەن شېرىكىڭنى ئېلىپ كەلگىن-دە، مالنى بۇنىڭدىن ئالغىن، سەن نېمە ئۈچۈن يالغۇز بۇ يەرگە كەلدىڭ؟

ئۇ كىشى جاۋاب تاپالماستىن ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

## سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر مۇلازىم خوجىسىنىڭ قولىدىن قاچتى. بىرنەچچە زاماندىن كېيىن خوجا بىر شەھەرگە بېرىپ، مۇلازىمنى ئۇچراتتى ۋە ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— نېمە ئۈچۈن قاچتىڭ، — دەپ سورىدى خوجا. مۇلازىم ئىككى قولى بىلەن خوجىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ دېدىكى:

— سەن مېنىڭ مۇلازىمىم سەن، سەن مېنىڭ قانچە ئالتۇنۇمنى ئوغرىلاپ قاچقانتىڭ، مانا ئەمدى سېنى تاپتىم، سېنى جازالاتقايمەن.

ئەلقىسسە، ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئادالەت تىلىدى. قازى ئۇلارنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ھەر ئىككىسىنى بىر-بىرلەپ دېرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار باشلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، قازى جاللاتقا قايسى مۇلازىم بولسا، شۇنىڭ كاللىسىغا قىلىچ ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. مۇلازىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئىچكىرى تارتىۋالدى، خوجا بولسا ئەسلا قىمىر قىلمىدى. قازى مۇلازىمغا سىياسەت قىلىپ، خوجىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

## توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر كىشى خېلى كۆپ مالنى بىر سەرراپقا[1] تاپشۇرۇپ سەپەرگە كەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېلىنى تەلەپ قىلىۋېدى، سەرراپ تېنىۋالدى ۋە ماڭا مال بەرمىدىڭ دەپ قەسەم قىلدى. ئۇ كىشى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. قازى كۆپ ئويلاندى ۋە ئۇنىڭغا:

— پالانى سەرراپ مېنىڭ مېلىمنى بەرمىدى، دەپ ھېچكىشىگە تىنما. مەن سېنىڭ مېلىڭ ئۈچۈن بىر تەدبىر قىلغايمەن، — دېدى.

---

① سەرراپ — ئالتۇن-كۈمۈش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەتىسى قازى سەرراپنى چاقىرتىپ:

— مېنىڭ بېشىمغا بىر مۇشكۇللۇك چۈشتى، ئۇنى تەنھا بىر تەرەپ قىلىشقا قۇدرىتىم يوقتۇر. سېنى ئۆز ئورنىمغا نائىب① قىلماقنى خالاپ قالدىم، چۈنكى سەن ديانەتلىك كىشىسەن، — دېدى ئۇنىڭغا. سەرراپ قوبۇل قىلدى ۋە تولىمۇ خۇش بولدى. سەرراپ كەتكەندىن كېيىن قازى ھېلىقى كىشىنى چاقىردى.

— ئەمدى بېرىپ مېلىڭنى سەرراپتىن تەلەپ قىل، — دېدى قازى ئۇنىڭغا، — ئەلۋەتتە بەرگۈسىدۇر.

مەزكۇر كىشى سەرراپنىڭ ئالدىغا باردى. سەرراپ ئۇنى كۆرۈپ:

— كەل، كەل، خۇش كەپسەن، سېنىڭ مېلىڭنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، بۇ كېچە يادىمغا چۈشتى، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

سەرراپ نائىبلىق ئۈمىدىدە قازىنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، قازى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— مەن بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، ئاڭلىدىمكى، پادىشاھ ساڭا بىر چوڭ ئىشنى تاپشۇرۇشنى خالاپتۇ، خۇداغا شۈكۈر قىلغىن، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئېرىشكەيسەن. ئەمدى ئورنۇمغا نائىبلىققا باشقا كىشىنى تاپقايمەن.

شۇنداق قىلىپ، قازى بۇ ھىيلە بىلەن ئۇنى يولغا سالدى.

---

① نائىب — ئورۇنباسار، ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى.

# ئونىنچى ھېكايەت

بىر ئايال قوشنىسىنىڭ ئايالىغا دۈشمەن ئىدى. بىر كېچىسى مەينى كۆپ ئىچىپ مەست بولدى ۋە بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويدى. ئەتىسى بالامنى ئۆلتۈردى دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. قازى ئاۋۋال قوشنىسىنىڭ ئايالىنى خىلۋەتكە چاقىرىپ، قورقۇتۇپ سالدى:

— راست سۆزلە، بولمىسا سېنى ئۆلتۈرىمەن!

ئۇ ئايال قەسەم ئىچتى ۋە ئىنكار قىلدى.

— ئەگەر، — دېدى قازى يەنە، — مېنىڭ ئالدىمدا يالىڭاچ بولساڭ، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن.

ئايال نومۇس قىلىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە:

— ماڭا ئۆلۈم ياخشىراقكى، ھەرگىزمۇ يالىڭاچ بولمىغايمەن، — دېدى. قازى ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپ، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگەن ئايالنى خىلۋەتكە چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەگەر مېنىڭ ئالدىمدا يالىڭاچ بولساڭ، سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشەنگەيمەن، — دېدى. ئايال دەرھال يالىڭاچ بولۇشقا رازى بولدى، قازى ئۇنى توستى ۋە:

— ئۆز پەرزەنتىڭنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرگەن ئىكەنسەن، — دېدى-دە، ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئىقرار كەلتۈردى:

— بۇ گۇناھنى ئۆزۈم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغانىدىم، — دېدى ئايال. شۇنىڭ بىلەن، قازى ئۇنى دارغا ئاستى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com



## ئون بىرىنچى ھېكايەت

بىر كىشى ئىككى يۈز رۇپىيە پۇلنى ئاغزىغا مۆھۈر بېسىلغان ھەميانغا بىر رەئىسكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى سەپەرگە كەتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەميانىنى مۆھۈر بۇزۇلمىغان ھالدا رەئىستىن ئالدى. ھەميانىنى ئېچىۋېدى، ئىچىدىن قارا پۇل چىقتى. ئۇ كىشى بېرىپ رەئىسنى تۇتتى.

— مالىڭ، — دېدى رەئىس، — يالغان سۆزلىمە، ماڭا ئىككى يۈز رۇپىيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئېغىزى مۆھۈرلەنگەن ھەمياندا تاپشۇرغانىدىڭ، ھەميانىنى شۇ پېتىچە ئالدىڭ.

رەئىسنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ ئۇردى. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئەرز قىلدى. سۇلتان سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— سەن ھەميانىنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ، ئۆزۈڭ كېتىپ تۇر، دادىڭنى ئادالەت بىلەن سورىغايمەن، — دېدى.

ئەتىسى پادىشاھ تەخت ئۈستىدىكى يېڭى ياستۇقنىڭ ئازراق يېرىنى يىرتىپ قويدى ۋە ئۆزى شىكارغا كەتتى. ئوردىدا بىر پەرراش[1] بولۇپ، ئۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىشلەش نۆۋىتى ئىدى. ياستۇقنى يىرتىق ھالەتتە كۆرۈپ، تېنىگە لەرزە چۈشتى ۋە بۇنى يەنە بىر پەرراشقا كۆرسىتىپ:

— ئەگەر پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قالسا، مېنى ئۆلتۈرگۈسىدۇر، — دېدى.

— بۇ سۆزنى مەندىن ئۆزگە بىر كىشى ئاڭلىدىمۇ ۋە ياكى

---

① پەرراش — خىزمەتچى، ئورۇن-كۆرپە راسلىغۇچى، قورۇقچى.

بۇ ياستۇقنى كۆردىمۇ؟ — دەپ سورايدۇ يەنە بىر پەرراش.
— ياق.
— خاتىرەڭنى جەم قىل، بۇ شەھەردە ئىنتايىن كامالەتكە يەتكەن بىر كىيىم تىككۈچى بار، ياستۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپار، ئۇ شۇنداق يامايدۇكى، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ يامالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.
پەرراش تىككۈچىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ياستۇقنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ:
— نىمە دىسەڭ بېرەي، لېكىن ياخشىلاپ يامىغايسەن، — دېدى. تىككۈچى يىرىم ئالتۇن تەلەپ قىلدى، پەرراش ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن بەردى. تىككۈچى بىر كېچىدىلا ياستۇقنى ياماپ ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ئەتىسى ياستۇقنى تەخت ئۇستىدە قويدى. پادىشاھ ياستۇقنى ساق ھالەتتە كۆرۈپ پەرراشتىن:
— بۇ ياستۇقنى كىم يامىدى؟ — دەپ سورىدى. پەرراش بىلمەسلىككە سالدى.
— قورقما، دېدى پادىشاھ، — بىر مەسلىھەت ئۇچۇن ياستۇقنى مەن يىرتىپ قويغانىدىم.
پەرراش ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ ئۇ تىككۈچىنى چاقىرتىپ سورىدى:
— بۇ ياستۇققا ئوخشاش بىرەر ھەميانىنىمۇ يامىغانمىدىڭ؟
— شۇنداق، يامىغان.
— ئەگەر ئۇ ھەميانىنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟
— شۇنداق.
پادىشاھ ھەميانىنى كۆرسەتتى. تىككۈچى تونۇدى ۋە:
— شەھەرنىڭ رەئىسى ماڭا يامىغىلى بەرگەنىدى، —

www.uyghurkitap.com



دېدى.

پادىشاھ رەئىسنى چاقىرتتى.

— سېنىڭ دىيانىتىڭگە كۆپ ئىشەنچ قىلاتتىم، — دېدى پادىشاھ، — شۇڭلاشقىمۇ رەئىسلىك مەنسىپىنى بەرگەنىدىم. سېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن، بۇ كىشىنىڭ مىلىنى نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىدىڭ؟

— ئەي پادىشاھ، كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى رەئىس.

— مەن شۇنداق دەيمەن.

پادىشاھ ھەمياننى كۆرسىتىپ، تىككۈچىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىگەنىدى، رەئىس شەرمەندە بولدى ۋە زىندانغا بۇيرۇلدى.

— پۇللىرىڭنى رەئىستىن ئالغايسەن، — دېدى پادىشاھ ھېلىقى كىشىگە ۋە ھەمياننى ئۇنىڭغا بۇيرۇدى. ئەتىسى پادىشاھ رەئىسنى دارغا ئاستى.

## ئون ئىككىنچى ھېكايەت

بىر كىشىنىڭ بىر ھەميان پۇلى ئۆيىدە يوقالدى. ئۇ كىشى قازىغا ئەرز قىلىۋېدى، قازى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە كىشىنى چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولغان بىردىن تاياق بەردى ۋە:

— كىمكى ئوغرى بولسا، ئۇنىڭ قولىدىكى تاياق بىر بارماق مىقدارىچە ئۇزىراپ قالىدۇ، — دېدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت بەردى. ئارىدىن بىر كىشى ئوغرى ئىدى، قورقۇپ، قولىدىكى تاياقتىن بىر بارماقچە كېسىپ تاشلىدى.

قازى ئەتىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ، تاياقلىرىنى تەكشۈردى، مەلۇم بولدىكى تاياقنى كەسكەن كىشى دەل ئوغرىنىڭ ئۆزى ئىدى. قازى ھەميياننى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالدى ۋە سىياسەت قىلدى.

## ئون ئۇچىنچى ھېكايەت

بىر كىشى يەنە بىر كىشى بىلەن بەسلەشتى:

— ئەگەر مەن ئۇتتۇرۇپ قويسام، بەدىنىمدىن بىر مىقدار گۆشنى كېسىۋالغىن، — دېدى ئۇ. ئۇ كىشى ئۇتتۇرۇپ قويدى، قارشى تەرەپ ۋەدىگە ۋاپا قىلماقنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىشى ئۇنىمىدى، ھەر ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا باردى. قازى قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىدى، لېكىن ئۇ قازىنىڭ سۆزىگە كۆنمىدى. قازى غەزەپلىنىپ:

— بىر مىقدار گۆشنى كېسىپ ئالىسەن، ئەمما ۋەدە قىلغاندىن كىچىككىنە زىيادە كېسىۋالغۇدەك بولساڭ، ساڭا جازا بەرگەيمەن، — دېدى.

قارشى تەرەپ نائىلاجلىقتىن زورغا ئۇنى كەچۈردى.

## ئون تۆتىنچى ھېكايەت

ئىككى كەمبەغەل بۇرادەر سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار يولدا ئالتۇن تولدۇرۇلغان، ئىچىگە يەنە بىر-ئىككى گۆھەر سېلىنغان بىر ھەميان تېپىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ كىچىكى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئەمدى ئۆيگە يانغايمەن، — دېدى.

— مەن جاھاننى سەيلە-ساياھەت قىلغايمەن، — دېدى چوڭى.

ئۇلار ئالتۇنلارنى تەقسىم قىلدى. چوڭى ئۆز ھەسسىسىنى كىچىك بۇرادىرىگە تاپشۇرۇپ، خوتۇنىغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلىدى. كىچىك بۇرادىرى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ئالتۇننى ئۇنىڭ خوتۇنىغا تاپشۇردى، ئەمما گۆھەرنى بەرمىدى.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ بۇرادىرى سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، ئۆز خوتۇنىنىڭ قولىدا گۆھەرنى كۆرمىدى ۋە بۇرادىرىدىن سورىدى:

— گۆھەرگە نېمە بولدى؟

— خوتۇنۇڭغا بەردىم.

— خوتۇنۇم گۆھەر كۆرگىنىم يوق دەيدىغۇ؟

— يالغان سۆزلەپتۇ.

ئۇ كىشى خوتۇنىنى ئۇرماقچى بولغانىدى، خوتۇنى قېچىپ قازىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئەھۋالنى بايان قىلدى. قازى ئۇنىڭ ئېرىنى بۇرادىرى بىلەن ئالدىغا چاقىرتتى ۋە كىچىكىدىن سورىدى:

— بۇ خوتۇنغا گۆھەرنى قاچان بەرگەنىدىڭ، بەرگەن چېغىڭدا بىرەر كىشى بارمىدى؟

— ئىككى كىشى بار ئىدى.

— ئۇلارنى دەرھال كەلتۈر، — دېدى قازى. ئۇ ئىككى كىشىگە ئازراقتىن پۇل بېرىپ، ئۇلارنى قازىنىڭ ئالدىدا يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىشكە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يالغاندىن

گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. قازى ئۇ كىشىگە:
— مالىڭ، گۆھەرنى خوتۇنۇڭدىن تەلەپ قىل، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. خوتۇن يىغلىغان پېتى سۇلتاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۆز ئەھۋالىنى ئەرز قىلدى.
— نېمە ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭ؟ — سورىدى سۇلتان.
— باردىم، — دېدى ئايال، — لېكىن ئادالەت بىلەن سورىمىدى.
سۇلتان ھېلىقى ئىككى بۇرادەر بىلەن ئىككى گۇۋاھچىنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، قوللىرىغا موم بېرىپ، گۆھەرنىڭ سۈرىتىنى ياساشقا بۇيرۇدى. ئىككى بۇرادەر گۆھەرنىڭ سۈرىتىنى بىر خىلدا ياسىدى. ئىككى گۇۋاھچى بولسا، باشقا-باشقا سۈرەتتە ياسىدى. سۇلتان ئايالغا بۇيرۇدى:
— سەن ھەم ياسا.
— مەن ھېچقاچان گۆھەرنى كۆرمىگەن تۇرسام، قانداقچە ئۇنى ياسىيالايمەن؟ — دېدى ئايال. سۇلتان گۇۋاھچىلارغا سىياسەت قىلىپ بۇيرۇدى:
— ئەگەر راست سۆزلىمەڭلار قويۇپ بېرىمەن، بولمىسا، ئۆلتۈرگەيمەن.
— بىز، — دېدى گۇۋاھچىلار نائىلاج، — يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنىدۇق.
سۇلتان كىچىك بۇرادىرىگە بىرنەچچە قامچا سالغانىدى، ئۇمۇ گۇناھىغا ئىقرار بولدى. پادشاھ قازىغا:
— نېمە ئۈچۈن ئادالەت بىلەن سورىمىدىڭ، — دەپ غەزەپلەندى ۋە گۆھەرنى ھېلىقى ئايالغا ئېلىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئون بەشىنچى ھېكايەت

بىر يىگىت بىر قېرى كىشىگە يۈز ئالتۇن تاپشۇردى ۋە ئۆزى سەپەرگە چىقىپ كەتتى. سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، ئالتۇنلارنى تەلەپ قىلىۋېدى، قېرى تېنىۋالدى. يىگىت قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالىنى بايان قىلدى. قازى قېرىنى چاقىرتىپ سورىدى:

— بۇ يىگىت ساڭا ئالتۇن تاپشۇرغانمىدى؟

— ياق، تاپشۇرمىغان، — دېدى قېرى.

— ئۇنداق بولسا، قەسەم قىل، — دېدى قازى.

— ئۇ قەسەمدىن قورقمايدۇ، — دېدى يىگىت يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇ بىرنەچچە نۆۋەت يالغان قەسەم ئىچكەن.

قازى يىگىتتىن سورىدى:

— سەن ئالتۇنلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىنىڭدا قەيەردە ئولتۇرغانىدىڭ؟

— دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغانىدىم.

— نېمە ئۈچۈن گۇۋاھىم يوق دەيسەن، ئۇ دەرەخ سېنىڭ گۇۋاھىڭدۇر، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن ـ دە، قازى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دېگىن.

قېرى كۈلدى، دەرەخ سېنىڭ ھۆكمىڭگە بويسۇنماسمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى.

— مېنىڭ مۆھۈرىمنى ئېلىپ بار، — دېدى قازى، — ئەلۋەتتە كەلگۈسىدۇر.

يىگىت قازىنىڭ مۆھۈرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. بىر

ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قازى قېرىدىن سورىدى:
— ئۇ يىگىت دەرەخنىڭ يېنىغا يەتكەنمىدۇ؟
— يەتكەندۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قېرى.
يىگىت دەرەخنىڭ ئالدىغا بېرىپ قازىنىڭ مۆھۈرىنى كۆرسەتتى ۋە:
— سىنى قازى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. دەرەختىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. يىگىت غەمكىن بولۇپ ياندى.
— سىنىڭ مۆھۈرىڭنى دەرەخكە كۆرسىتىۋېدىم، ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى، — دېدى ئۇ قازىغا.
— دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىپ كەتتى، — دېدى قازى.
— بۇ قانداق گەپ، — دېدى قېرى، — بۇ يەرگە ھېچقانداق بىر سىنىڭ كەلگىنى يوققۇ؟!
— راست ئېيتىسەن، — دېدى قازى، — بۇ يەرگە دەرەخ كەلمىدى، لېكىن بايا مەن سەندىن ئۇ يىگىت دەرەخنىڭ يېنىغا يەتكەنمىدۇ دەپ سورىسام، سەن يەتكەندۇ دەپ جاۋاب بەردىڭ. ئەگەر سەن ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئالتۇن ئالمىغان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن ئۇ قايسى دەرەخ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن، — دېمىدىڭ؟ مەلۇم بولدىكى، بۇ يىگىتنىڭ سۆزى راستتۇر.
قېرى ئوسال بولۇپ، ئالتۇنلارنى يىگىتكە قايتۇرۇپ بەردى.

## ئون ئالتىنچى ھېكايەت

بىر بېلىقچى ھەمىشە دەريادىن بېلىق تۇتۇپ، بازاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساتاتتى. بىر كۈنى بىر تىرىك بېلىق تۇتۇۋالدى. بېلىقچى بۇنداق چىرايلىق بېلىقنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر بۇ بېلىقنى بازارغا ئاپىرىپ ساتسام ئاران ئىككى-ئۈچ تەڭگىدىن ئارتۇق ساتالمىغايمەن، ياخشىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپارسام، ئەلۋەتتە كۆپ ئىنئام بەرگەي» دەپ ئويلىدى-دە، بېلىقنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. پادىشاھ بېلىقنى كۆرۈپ، كۆپ ئېتىبار قىلدى ۋە خۇرسەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بېلىقچىغا يۈز رۇپىيە بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ يەردە ۋەزىرمۇ بار ئىدى، ئۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:

— بىر بېلىقچى ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئالتۇننى بېرىش يوللۇق ئەمەس، — دەپ شىۋىرلىدى.

— ئەگەر بەرمەيدىغان بولسام، ئوساللىق يېتىدۇ، چۈنكى ھۆكۈم قىلىپ بولدۇم، — دېدى پادىشاھ جاۋاب بېرىپ.

— مەسلىھەت شۇكى، — دېدى ۋەزىر، — بېلىقچىدىن بۇ بېلىق ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ؟ دەپ سورىغايسىز، ئەگەر ئەركەك دېسە، چىشىسىنى تەلەپ قىلماق كېرەك، ئەگەر چىشى دېگۈدەك بولسا، ئەركەكنى تەلەپ قىلماق كېرەك. بېلىقچى بۇ ئىشنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىغاي، ئەلھاسىل ئىنئامنى ئالالمىغاي.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى لايىق كۆرۈپ بېلىقچىدىن:

— بۇ بېلىق ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ؟ — دەپ سورىدى. بېلىقچى:

— بۇ بېلىق خۇنسا،[1] دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆز پادىشاھقا

---

[1] خۇنسا (خۇمىسى) — قوش جىنسلىق، ئارىلىق جىنس.

تولىمۇ ياراپ كەتتى. ئۇ قاتتىق كۈلكە ئىچىدە بىلىقچىغا ئىككى يۈز رۇپىيە ئىنئام بەردى.

## ئون يەتتىنچى ھېكايەت

بىر قانچە سودىگەر بىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىرمۇنچە ئات تەقدىم قىلدى. پادىشاھ كۆڭۈل بۆلۈپ ھەممە ئاتنى ئالدى ۋە ھەربىر ئات ئۈچۈن ئۆز قىممىتىدىن ئىككى يۈز رۇپىيە ئارتۇق پۇل بېرىپ:

— يەنە ئات بولسا، كەلتۈرگەيسىزلەر، — دەپ بۇيرۇدى. سودىگەرلەر پادىشاھنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، يانماققا ئىجازەت ئالدى.

بىر كۈنى پادىشاھ مەستلىك خۇشاللىقىدا ۋەزىرگە بۇيرۇدى:

— بارلىق ئەخمەقلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ چىققىن.

— بۇ پەرماندىن بۇرۇنلا يېزىپ چىققانىدىم، دېدى ۋەزىر، — ھەممە ئەخمەقلەردىن مۇقەددەم جانابلىرىنىڭ مۇبارەكناملىرى پۈتۈلدى.

— نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭ؟ — سورىدى پادىشاھ.

— سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەربىر ئات ئۈچۈن ئىككى يۈز رۇپىيەدىن ئارتۇق بەرمەكلىك كامالى ئەخمەقلىقتۇر.

— ئەگەر ئۇلار يەنە ئات كەلتۈرسە قانداق قىلماق كېرەك؟

— ئەگەر سودىگەرلەر يەنە ئات ئېلىپ كەلسە، جانابلىرىنىڭ ناملىرىنى ئەخمەقلەرنىڭ قاتارىدىن ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سودىگەرلەرنىڭ نامىنى يازغايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئون سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى بىر شائىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدى. پادىشاھ:

— مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلتۈرگەيسەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى جاللاتقا. شائىرنىڭ تېنىگە تىترەك چۈشتى. پادىشاھنىڭ بىر نەدىمى[1]شائىرغا مۇنداق دېدى:

— بۇ نېمىدېگەن نامەردلىك ۋە يۈرەكسىزلىكتۇر، ئەر كىشى دېگەن مۇنداق قورققاق بولمىغاي.

— ئەي نەدىم، — دېدى شائىر، — ئەگەر سەن ئەر كىشى بولساڭ كەل، مېنىڭ ئورنىمغا ئۆلتۈرگىن، مەن بۇ يەردىن قوپقايمەن.

پادىشاھ بۇ لەتىپىدىن كۈلدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى.

# ئون توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر ئايال يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن بىر ئەر كىشى ئۇنىڭ ئىزىچە ئەگىشىپ ماڭدى. ئايال سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىزىمدىن ئەگىشىپ كېلىسەن؟

— ساڭا ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دېدى ئەر.

— ماڭا قانداقمۇ ئاشىق بولۇرسەن، مېنىڭ سىڭلىم

① نەدىم — يېقىن كىشى.

مەندىن چىرايلىقراق، ئۇ ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، سەن ئارقاڭغا يېنىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغىن.

ئۇ كىشى كەينىگە ياندى ۋە بىر بەتچىراي خوتۇننى ئۇچرىتىپ، پەرىشان بولدى. ئۇ يەنە ئاۋۋالقى ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— نېمە ئۇچۇن يالغان سۆزلىدىڭ؟

— سەنمۇ راست سۆزلىمىگەنىدىڭ. چۈنكى، ئەگەر سەن ماڭا راست ئاشىق بولساڭ ئىدىڭ، ئۆزگىنىڭ ئالدىغا بارماس ئىدىڭ.

ئەر ئايالنىڭ بۇ سۆزىدىن شەرمەندە بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

## يىگىرمىنچى ھېكايەت

بىر دوك كىشىدىن سوراشتى:

— سېنىڭ بېلىڭ تۈز بولۇپ، باشقىلارنىڭ بېلى سېنىڭ بېلىڭدەك بۈگرى بولۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، دېدى دوك، — باشقىلارنىڭ بېلى بۈگرى بولسا، ئۇلار مېنى كۆرىدۇ، مەن ئۇلارنى كۆرمىگەيمەن.

## يىگىرمە بىرىنچى ھېكايەت

بىر كىشى ھەركۈنى ئالتە نان ئالاتتى، بىر كۈنى دوستى ئۇنىڭدىن سورىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ھەركۈنى ئالغان ئالتە دانە ناننى نېمە قىلىسەن؟
— بىر ناننى ساقلايمەن، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ،
— بىر ناننى تاشلايمەن، ئىككى ناننى كۆمىمەن، يەنە ئىككى ناننى بولسا، قەرز بېرىمەن.
— سۆزۈڭنى ھېچ چۈشەنمىدىم، ئوچۇقراق ئېيتقايسەن، — دېدى ئۇنىڭ دوستى. ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاب بەردى:
— بىر ناننى ساقلايمەن دېگىنىم — ئۆزۈم يەيمەن دېگىنىم. يەنە بىر ناننى تاشلايمەن دېگىنىم — خوتۇنۇمغا بېرىمەن دېگىنىم. ئىككى ناننى كۆمىمەن دېگىنىم — ئاتا-ئانامغا بېرىمەن دېگىنىم. يەنە ئىككى ناننى قەرز بېرىمەن دېگىنىم — ئىككى ئوغلۇمغا بېرىمەن دېگىنىم.

## يىگىرمە ئىككىنچى ھېكايەت

ئەمىر تېمۇر ئاقساق ھىندىستاننى ئالغاندا، ھەممە سازەندىلەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى ۋە:
— ئۇلۇغلاردىن بۇ شەھەردە كامىل سازەندىلەر بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.
بۇ چاغدا، بىر قارىغۇ سازەندە كېلىپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە ساز چېلىشقا باشلىدى. ئەمىر خۇرسەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى.
— ئىسمىم دۆلەت، — دەپ جاۋاب بەردى سازەندە.
— توۋا، — دېدى ئەمىر تېمۇر، — دۆلەتمۇ كور بولامدۇ؟
— ئەگەر دۆلەت كور بولمىسا، — دېدى سازەندە، — ئۇ

چولاقنىڭ ئۆيىگە كېلەرمىدى؟!

ئەمىر بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى.

## يىگىرمە ئۇچىنچى ھېكايەت

بىر كىشى تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— قورسىقىم ئاغرىيدۇ، بۇنىڭغا داۋا قىلغايسەن، — دېدى. تېۋىپ:

نېمە يېگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىۋېدى،

— كۆيۈك نان يېگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاشقا كىرىشكەنىدى، ئۇ كىشى تېۋىپتىن:

— قورساق ئاغرىقى بىلەن كۆزنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپ سورىدى. تېۋىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئاۋۋال سېنىڭ كۆزۈڭگە داۋا قىلماق كېرەك. چۈنكى، ئەگەر سېنىڭ كۆزۈڭ ساق بولغان بولسا، كۆيگەن ناننى يېمەس ئىدىڭ.

## يىگىرمە تۆتىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى پادىشاھ بىر شائىردىن رەنجىپ جاللاتقا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇنى مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرگەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جالالات شەمشەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەندى، شائىر ئۇ يەردە تۇرغانلارغا مۇنداق دېدى:

— شەمشەر كەلتۈرۈپ بولغىچە مېنىسى شاپىلاقلاپ ئۇرۇڭلار، تاكى پادىشاھ خۇرسەن بولغۇچە.

پادىشاھ تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى.

## يىگىرمە بەشىنچى ھېكايەت

بىر شائىر بىر باينى ماختاپ شېئىر يازغانىدى، باي ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بەرمىدى. ئاندىن ئۇنى ھەجۋى قىلدى، باي بۇنىڭغىمۇ ھېچنېمە دېمىدى.

بىر كۈنى شائىر باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەي شائىر، — دېدى باي، — مېنى ماختىغانىدىڭ، ھېچ نەرسە بەرمىدىم، ھەجۋى قىلغانىدىڭ، ھېچ نەرسە دېمىدىم. ھالا بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟

شائىر مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر سەن ئۆلسەڭ، مەرسىيە ئوقۇماقنى ئىختىيار قىلىپ تۇرماقتىمەن.

## يىگىرمە ئالتىنچى ھېكايەت

بىر پادىشاھ ھەممە چىشلىرى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆردى

ۋە بىر مۇنەججىمدىن ئۇنىڭ تەبىرىنى سورىدى:
— پادىشاھنىڭ ئەۋلاد، قېرىنداشلىرى پادىشاھتىن بۇرۇن ئۆلىدىكەن، — دەپ تەبىر بەردى مۇنەججىم. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، مۇنەججىمنى زىندانغا بۇيرۇدى. ئارقىدىن يەنە بىر مۇنەججىمنى چاقىرتىپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى.
— پادىشاھىمىز، — دېدى ئۇ مۇنەججىم، — ھەممە ئەۋلاد-قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن ياشايدىكەن. پادىشاھ بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بەردى.

## يىگىرمە يەتتىنچى ھېكايەت

بىر كىشى ئۇلۇغ بىر مەرتىۋىگە مىنگەنىدى، ئۇنىڭ بىر دوستى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئالدىغا باردى.
— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى دوستىدىن. ئۇنىڭ دوستى ئوسال ھالغا چۈشكەن ھالدا:
— مېنى تونۇمامسەن؟ مەن سېنىڭ كونا دوستۇڭ بولىمەن، سېنى كور بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر پادىشاھ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، دۈشمەن تەرەپتىن بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ كىشى ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى بىلمىدى ۋە ھەممە يۈك-تاقلىرىنى پادىشاھقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈكلىدى. مەنزىلگە يەتكەندە، پىشۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن پادىشاھقا ئازراق گۆرۈچ بەردى. پادىشاھ تولىمۇ ئاچ بولغاچقا، گۆرۈچنى بىر قاچىغا سېلىپ، ئوتقا قويىدى، ئۆزى بولسا، ئوتتىن يىراقراق جايغا بېرىپ ئولتۇردى. توساتتىن بىر ئىت كېلىپ قاچىنى ئېلىپ قاچتى. پادىشاھ كۈلدى، ھېلىقى كىشى پادىشاھقا ئىچ ئاغرىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئەخمەق، ئىت قاچاڭنى ئېلىپ قاچسا، سەن يەنە كۈلۈۋاتىسەن، ئېيتقىنكى، كۈلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

پادىشاھ جاۋاب بەرمىدى، بىر-ئىككى قامچا يېگەندىن كېيىنلا ئېغىز ئاچتى:

— بىر چاغلاردا مېنىڭ ئەھۋالىم شۇنداق ئىدىكى، ھەرچاغ شىكارغا چىقسام، مېنىڭ ئاشپەز، باكاۋۇللىرىمنىڭ[1] يۈك-تاقلىرى يۈز تۆگىگە يۈكلىنىپ، ئۆزۈم بىلەن يۈرەتتى. بۈگۈن شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، بىر چاڭگال گۆرۈچنىمۇ ماڭا بەرمىدى.

ھېلىقى كىشى پادىشاھقا ئۆزرە قويۇپ، ئۇنى قويۇپ بەردى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى بىر قۇش دەرەخكە قونۇپ ئولتۇرغانىدى، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغانلارغا:

— ئۇنى بىر ئوق بىلەن ئۆلتۈرگەيمەن، — دېدى ۋە ئوق

① باكاۋۇل (باقاۋۇل) — ئوردىنىڭ زىياپەت ۋە تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

بىلەن كامانىنى قولىغا ئالدى. پادىشاھ قۇشقا ئوق ئۈزۈۋېدى، ئوق خاتا كېتىپ، قۇش ئۇچۇپ كەتتى. پادىشاھ تولىمۇ ئوسال بولدى. ئارىدىن بىر كىشى پادىشاھنى ئۇياتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سۆز باشلىدى:

— ئەسلىدە پادىشاھ قۇشنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ جېنىغا رەھىم قىلىپ، قەستەن ئوقنى خاتا ئاتتى.

## ئوتتۇزىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر تۇتىنى بېقىپ، ئۇنىڭغا پارس تىلىنى ئۆگەتتى، قانچە قىلسىمۇ تۇتى «دەرىن چەشەك»[1] دېگەندىن باشقا سۆزنى ئۆگىنەلمىدى. ئۇ كىشى نېمە سورىسا، تۇتى «دەرىن چەشەك» دەپلا تۇراتتى. مەزكۇر كىشى تۇتىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئاپاردى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى يۈز رۇپىيە باھا قويدى. بىر موغۇل كېلىپ تۇتىدىن سورىدى:

— سەن ئىككى يۈز رۇپىيىگە لايىقمۇ؟

تۇتى «دەرىن چەشەك» دەپ جاۋاب بەردى. موغۇل تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، تۇتىنى ئىككى يۈز رۇپىيىگە سېتىۋالدى ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. موغۇل تۇتىدىن قانداقلا سۆز سورىسۇن تۇتى ئۇنىڭغا «دەرىن چەشەك» دەپ جاۋاب بېرەتتى. موغۇل تۇتىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئوسال بولدى ۋە پۇشايمان بىلەن:

— ئەخمەقلىق قىلىپ، شۇنداقمۇ تۇتىنى ئاپتىمەندە،

[1] دەرىن چەشەك — پارسچە سۆز بولۇپ، شەك-شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە شۇنداق، دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— دېۋىدى، تۇتى يەنىلا «دەرىن چەشەك» دېدى. موغۇلنى كۆلكە قىستىدى ۋە تۇتىنى ئازاد قىلدى.

## ئوتتۇز بىرىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىسى بىلەن شىكارغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا كۆن ئاسماننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تىكلىشىپ، ھاۋا بەكمۇ قىزىپ كەتتى. پادىشاھ بىلەن شاھزادە كىيىملىرىنى يېشىپ، بىر چاقچاقچىغا يۈكلەپ قويدى.

پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي چاقچاقچى، ساڭا بىر ئېشەكنىڭ يۈكى يۈكلەندى-دە!

— ئەي پادىشاھ، — دېدى چاقچاقچى، — ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى يۈكلەندى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى ھېكايەت

بىر مەسخىرىۋاز كىشى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىۋېدى، ئۇنىڭ ئايالى تۆت ئايدىن كېيىن ئوغۇل تۇغدى. ئايالى ئېرىدىن:

— ئوغۇلنىڭ ئېتىنى نېمە قويىمىز، — دەپ سورىدى.

— تېز رەپتار[1] قويايلى، — دېدى ئېرى، — چۈنكى، توققۇز ئايلىق يولنى تۆت ئايدا باستى ئەمەسمۇ؟!

---

① تېز رەپتار — تېز يۈرگۈچى، ئىتتىك ماڭغۇچى.

## ئوتتۇز ئۇچىنچى ھېكايەت

بىر دانىشمەن مەسچىتتە ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە ۋەز ئېيتاتتى. بۇ مەسچىتتە بىر كىشى ھەركۈنى يىغلايتتى. بىر كۈنى ۋەز ئېيتقۇچى دانىشمەن ئۆز-ئۆزىگە: «مېنىڭ سۆزۈم بۇ كىشىگە بەكمۇ تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن يىغلىسا كېرەك» دېدى. باشقىلار ئۇ كىشىدىن سوراشتى:

— بۇ دانىشمەننىڭ سۆزى بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ھېچ تەسىر قىلمايدۇ، سىنىڭ كۆڭلۈڭ قانداق كۆڭۈلدۇ؟

— مەن، — دېدى ئۇ كىشى، — دانىشمەننىڭ سۆزىگە يىغلىغىنىم يوق، بىر تېكە باققانىدىم، ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، ۋاقىت يېتىپ ئۇ تېكە قېرىدى ۋە ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ۋاقىت دانىشمەن سۆزلىگەندە ساقىلى لىكىلدىسا، مېنىڭ يادىمغا تېكە چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ساقىلىمۇ دانىشمەن-نىڭكىدەك ئۇزۇن ئىدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر دەرۋىشنىڭ سەللىسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋېدى، دەرۋىش گۆرىستانلىققا بېرىپ ئولتۇردى. كىشىلەر دەرۋىشتىن سورىدى:

— ئۇ كىشى سەللەڭنى ئېلىپ باغ تەرەپكە كەتسە، سەن نېمە ئۈچۈن گۆرىستانلىقتا ئولتۇرىسەن ۋە بۇ يەردە نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلماقچىسەن؟
— بىر كۈنى ئۇ چوقۇم بۇ يەرگە كېلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش.

## ئوتتۇز بەشىنچى ھېكايەت

بىر پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن خورما يەپ ئولتۇرۇپ، خورمىنىڭ ئۇرۇقچىسىنى ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا تاشلاۋەردى. خورما تۈگىگەندىن كېيىن پادىشاھ ۋەزىرگە:
— سەن تولا يەيدىغان كىشى ئىكەنسەن، خورمىنىڭ ئۇرۇقچىسى سېنىڭ ئالدىڭغا شۇنچە دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ، — دېدى.
— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ۋەزىر، — تولا يېگۈچى كىشى ھەزرەت پادىشاھ ئۆزلىرى ئىكەنلا، چۈنكى، سىلى نە ئۇرۇقچىنى قويماپلا ۋە نە خورمىنى.

## ئوتتۇز ئالتىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى ھەزرەت ئىسكەندەر ئەتراپىدىكىلەرگە:
— مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا بىرەر كىشىنى مەھرۇم ياندۇرغان ئەمەسمەن، كىم نېمە تەلەپ قىلغان بولسا بەرگەن-مەن، — دېدى. بۇ چاغدا، ئارىدىن بىر كىشى ئەرز قىلدى:
— ئەي پادىشاھ، ماڭا بىر تەڭگە لازىمدۇر، ئۇنى بەرگەيسەن.

— پادىشاھتىن ئاز نەرسە تىلىمەك بىئەدەپلىكتۇر، — دېدى ئىسكەندەر.

— ئەگەر، — دېدى ئۇ كىشى، — پادىشاھقا بىر تەڭگە بەرمەكتىن نومۇس كەلسە، ماڭا بىر مەملىكەتنى بەرگەيسەن.

— ماڭ، — دېدى ئىسكەندەر، — ئاۋۋال مېنىڭ مەرتىۋەمدىن كەم نەرسىنى سورىدىڭ، ئىككىنچى نۆۋەت ئۆزۈڭنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئوشۇق نەرسىنى سورىدىڭ. ھەر ئىككى تەلەپنى بىر ۋاقىتتا بەجا قىلدىڭ.

ھېلىقى كىشى جاۋاب تاپالماستىن ئوسال بولدى.

## ئوتتۇز يەتتىنچى ھېكايەت

پادىشاھ بىر مەسخىرىۋازدىن رەنجىپ قېلىپ، ئۇنى پىلنىڭ ئايىغىغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، مەن بىچارە پىلنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىغا لايىق ئەمەسمەن. مېنى سەئۆە[1]نىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلا. پىلنىڭ ئاستىغا بولسا ۋەزىرنى تاشلا، چۈنكى ۋەزىر سېمىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى پىل ئايىغىنىڭ ئاستىدا يەنجىلگۈسىدۇر.

پادىشاھ ۋەزىرگە قاراپ كۈلدى ۋە:

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى. ۋەزىر ئەرز قىلىپ دېدىكى:

---

[1] سەئۆە — قاپلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەزىبىرايى خۇدا، بۇ ھارامزادىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، بولمىسا مېنىمۇ ھالاكەتكە تاشلىغۇسىدۇر.

پادىشاھقا مەسخىرىۋازنىڭ سۆزى ۋە ۋەزىرنىڭ شاپائەت قىلغىنى مۇۋاپىق چۈشۈپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى ۋە شاھانە تون كىيگۈزدى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر يولۋاس بىلەن بىر ئۆيدە ئۆز سۈرەتلىرىنى كۆردى. ئۇ كىشى يولۋاسقا:

— ئادەمزاتنىڭ قۇدرىتىنى كۆردۈڭمۇ؟ يولۋاسنى بويسۇندۇرۇپتۇ.

— بۇ سۈرەتنى سىزغۇچى ئادەمزاتتۇر، — دېدى يولۋاس، — ئەگەر يولۋاس سىزغاندا ئىدى، ئۇنداق بولماس ئىدى.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر خەتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بىر خېتىم بار ئىدى، يېزىپ بەرسەڭ، — دېدى.

— پۇتۇم ئاغرىيدۇ، — دېدى خەتچى.

— مەن سېنى خەت ئەۋەتىدىغان يەرگە بار دېگىنىم يوققۇ، مۇنداق ئۆزرە قويغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورىدى خەت يازدۇرغۇچى.

— بۇ سۆزۈڭ تولىمۇ راست، — دېدى خەتچى، — لېكىن

ھەر ۋاقىت بىر كىشى ئۇچۇن خەت يېزىپ بەرسەم، ئۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىش ئۇچۇن چاقىرىلىمەن، چۇنكى مېنىڭ خېتىمنى ئۆزۈمدىن باشقا كىشى ئوقۇيالمايدۇ.

## قىرىقىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىرسىگە خەت يېزىۋاتاتتى. يات بىر كىشى ئۇنىڭ كەينىمدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ خېتىگە قارىماقتا ئىدى. خەت يازغۇچى نۆۋەتتىكى قۇرلارغا: «بىر يات ۋە ئەخمەق كىشى كەينىمدە تۇرۇپ، بۇ خەتنى ئوقۇماقتا، شۇ سەۋەبلىك كۆڭۈل سىرلىرىمنى يازالمىدىم» دەپ يازدى.

خەتكە قارىغۇچى كىشى ئۇنىڭدىن:

— خەتتە مېنى نېمىشقا ئەخمەق دەپ يازىسەن، مەن سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇمىغان تۇرسام، نېمە ئۇچۇن سىرىڭنى يازالمايسەن، — دەپ سورىدى.

— ئەگەر، — دېدى خەت يازغۇچى، — سەن مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇمىغان بولساڭ، مۇنداق يازغانلىقىمنى نەدىن بىلىسەن؟

## قىرىق بىرىنچى ھېكايەت

بىر كۇنى بىر قارچىغا بىر خورازغا:

— سەن تولىمۇ بىۋاپا سەن، چۇنكى ئادەملەر سېنى بېقىپ، سەن ئۇچۇن ئۆي ياساپ بېرىدۇ. ئۇلار قاچان سېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇتماقچى بولسا نېمە ئۈچۈن قاچىسەن؟ مەن گەرچە دەشتىنىڭ قۇشى بولساممۇ، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئوزۇق يېسەم، ئۇلار ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلايمەن، ھەرقانچە يىراققا كەتسەممۇ چاقىرىلسام لا ۋاقتىدا يېنىپ كېلىمەن.

خوراز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سەن بەزىدە بىرەر ئۇچار قۇشنى زىختا كۆرگەنمۇسەن. مەن كۆپ خورازلارنىڭ زىختا تارتىلىپ، ئوت ئۈستىدە كاۋاپ قىلىنغانلىقىنى كۆرگەنمەن. سەنمۇ بىرەر ئۇچار قۇشنى زىختا كۆرگەن بولساڭ، كۆپ يىراققا قاچقان بولاتتىڭ.

قارچىغا جاۋاب بېرەلمىدى.

## قىرىق ئىككىنچى ھېكايەت

بىر دانىشمەن پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىسى ئىدى. ئۇ ھەمىشە ساقىلىنى يۇلۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭغا دېدىكى:

— ئەگەر يەنە ساقىلىڭنى يۇلىدىغان بولساڭ، ساڭا جازا بەرگەيمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ دانىشمەن بىر ئىشى بىلەن پادىشاھقا ياراپ كەتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى بەرگەيمەن، — دېدى.

— ساقىلىمنى يۇلۇش ئىختىيارىنى بەرگىن، — دېدى دانىشمەن، — ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە تىلىمەسمەن.

پادىشاھ كۈلدى ۋە:

— سېنىڭ خۇشلۇقۇڭ شۇنىڭدا بولسا، سېنى كەچۈردۈم، — دېدى.

## قىرىق ئۈچىنچى ھېكايەت

چىرايى سەت بىر كىشى تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— مېنىڭ يامانراق يېرىم ئىششىپ قالدى، دورا بەرگىن، — دېدى. تېۋىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى ۋە مۇنداق دېدى:
— يالغان ئېيتمىۋاتىسەن، چۈنكى مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە قارىسام، ھېچقانداق ئىششىق يوقتۇ.

## قىرىق تۆتىنچى ھېكايەت

بىر كىشى خىزمەتكارىغا:
— ئەتىگەندە ئىككى قاغىنىي يەردە ئولتۇرغان ھالدا كۆرسەڭ ماڭا خەۋەر قىل، بۇنى ياخشى پال دەپ بىلگەيمەن ۋە مېنىڭ كۆڭلىرىم خۇشاللىقتا ئۆتكۈسىدۇر، — دېدى.
ئەلقىسسە، خىزمەتكار ئىككى قاغىنى بىر جايدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. خوجا چىققاندا، بىر قاغا ئۇچۇپ كەتكەچكە، پەقەت بىر قاغىنى كۆردى. ئۇ خىزمەتكاردىن خاپا بولۇپ، ئۇنى قامچىلىماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، خوجىنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا تاماق ئەۋەتكەنىدى.
— ئەي خوجا، — دېدى خىزمەتكار ئەرز قىلىپ، — بىر قاغىنى كۆرۈپ بۇ تائامغا ئېرىشتىڭ، ئەگەر ئۇ ئىككى قاغىنى كۆرگەن بولساڭ، تاپىدىغان نەرسىلىرىڭنى تاپار ئىكەنسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قىرىق بەشىنچى ھېكايەت

بىر تېۋىپ دائىم گۆرىستانلىقتا بارسا، باش-كۆزىگە ئېتىكىنى يېپىۋالاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراشتى. تېۋىپ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
— بۇ گۆرىستاندىكى ئۆلۈكلەردىن ئۇيىلىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دورىلىرىمدىن ئۆلگەن.

## قىرىق ئالتىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى بىر زالىم پادىشاھ شەھەردىن چىقىپ يالغۇز كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قانداقراق، ئۇ ئادىلمۇ ياكى زالىممۇ؟
— زالىمدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.
— مېنى تونۇمسەن؟ — پادىشاھ يەنە سورىدى.
— تونۇمايمەن.
— مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بولىمەن.
— ھېلىقى كىشى قورقتى ۋە پادىشاھتىن سورىدى:
— سەن مېنى تونۇمسەن؟
— تونۇمايمەن، — دېدى پادىشاھ.
— مەن پالانى سودىگەرنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دېدى

ھېلىقى كىشى، — ھەر ئايدا ئۈچ كۈن دىۋانە بولىمەن، بۈگۈن شۇ ئۈچ كۈننىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر.
پادىشاھ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى.

## قىرىق يەتتىنچى ھېكايەت

بىر شائىر بىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى كۆپ ماختىدى. باي بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ:
— ھازىر مېنىڭ قولۇمدا پۇل يوق، لېكىن ئاشلىق كۆپ. ئەتە كەلگىن، ئاشلىق بەرگەيمەن، — دېدى. شائىر ئۆيىگە قايتتى. ئەتىسى باينىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى، باي ئۇنىڭدىن سورىدى:
— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟
— ئۆتكەن كۈنى ئاشلىق ۋەدە قىلغانىدىڭ، شۇ سەۋەبتىن كەلدىم، — دېدى شائىر جاۋاب بېرىپ.
— ئەجەب ئەخمەق نېمىكەنسەن، — دېدى باي، — مەن سېنىڭ سۆزۈڭدىن خۇرسەن بولغانىدىم، سەنمۇ مېنىڭ سۆزۈمدىن خۇرسەن بولدۇڭ، يەنە نېمىدەپ ئاشلىق بەرگۈدەكمەن؟!
شائىر شەرمەندە بولۇپ قايتىپ كەتتى.

## قىرىق سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر دەرۋىش چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدى. كىشىلەر ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر ھەبەش مىرشەبنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھەبەش ھۆكۈم قىلدىكى:

— بۇ دەرۋىشنىڭ ئىككى يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، شەھەر ئايلاندۇرۇلسۇن!

— ئەي ھەبەش، — دېدى دەرۋىش، — مېنىڭ يۈزۈمنىڭ يېرىمىغا قارا سۈرتكىن، بولمىسا، شەھەردىكى ھەممە ئادەملەر مېنى ھەبەش مىرشەپ دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن.

ھەبەش بۇ سۆزدىن كۈلدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى.

## قىرىق توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر قارىغۇ ئادەم قاراڭغۇ كېچىدە قولىدا چىراغ كۆتۈرۈپ، ئارقىسىغا كوزا تېڭىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي ئەخمەق، سېنىڭ كۆزۈڭگە كېچە بىلەن كۈندۈز باراۋەردۇر. ساڭا چىراغدىن نېمە پايدا؟

قارىغۇ كۈلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— بۇ چىراغ ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئارقامدىكى كوزىنى سۇندۇرۋەتمەسلىكىڭ ئۈچۈندۇر.

## ئەللىكىنچى ھېكايەت

بىر دەرۋىش باققالنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، بىر نەرسە ئېلىشقا ئالدىرىدى. باققال دەرۋىشنى تىللىدى. دەرۋىش

دەرغەزەپ بولۇپ، كەش بىلەن باققالنىڭ بېشىغا ئۇردى. باققال مىرشەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ دادلىدى. مىرشەپ دەرۋىشنى چاقىرتىپ سورىدى:

— نېمە ئۇچۇن باققالنى ئۇردۇڭ.

— باققال مېنى تىللىدى.

— ئەي دەرۋىش، — دېدى مىرشەپ، — چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپسەن، لېكىن كەمبەغەل ئىكەنسەن، شۇ سەۋەبتىن سېنى سىياسەت ئاستىغا ئالمايمەن، بارغىن، باققالغا ئىككى تەڭگە بەرگىن، گۇناھىڭنىڭ جازاسى شۇ بولسۇن.

دەرۋىش يانچۇقىدىن تۆت تەڭگە ئېلىپ، مىرشەپكە بەردى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەش بىلەن بىرنى ئۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر ئىنساپىڭ مۇشۇنداق بولسا، ئىككى تەڭگىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ، ئىككى تەڭگىنى باققالغا بەرگىن.

## ئەللىك بىرىنچى ھېكايەت

بىر نەققاش بىر شەھەرگە باردى ۋە ئۇ يەردە تېۋىپلىق قىلىشقا باشلىدى. بىر نەچچە زاماندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەتىنىدىن بىر كىشى بۇ شەھەرگە كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھالا، نېمە ھۇنەر قىلىۋاتىسەن؟

— تېۋىپلىق قىلىۋاتىمەن، — جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەگەر بۇ ھۇنەردە بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزسەم، ئۇنى تۇپراق يوشۇرغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئەللىك ئىككىنچى ھېكايەت

بىر كەمبەغەل شائىر بىر باينىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىن ئولتۇردىكى، شائىر بىلەن باينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر غېرىچتىن ئارتۇق ئارىلىق قالمىغانىدى. بۇ سەۋەبتىن ئاچچىقى كەلگەن باي قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى:

— سەن بىلەن ئېشەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك پەرق بار؟

— پەقەت بىر غېرىچچە، — دەپ جاۋاب بەردى شائىر.

باي خىجىل بولۇپ ئۆزرە قويدى.

## ئەللىك ئۈچىنچى ھېكايەت

بىر گاداي بىر باينىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ، بىرەر نەرسە تىلىدى.

— ئۆيدە ئايال يوق، — دەپ جاۋاب كەلدى ئۆيدىن.

— مەن، — دېدى گاداي، — ئايالنى ئەمەس، بىر پارچە نان تىلىگەنىدىم، ئايال مۇبارەك بەختلىك بولغاي!

## ئەللىك تۆتىنچى ھېكايەت

بىر پادىشاھ بىر دانىشمەننى چاقىرتىپ:

— سېنى بۇ شەھەرگە قازى قىلماقنى ئىختىيار قىلىپ قالدىم، — دېدى.

— مەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەسمەن، — دېدى دانىشمەن.
پادىشاھ سورىدىكى:
— سەۋەب نېمىدۇر؟
دانىشمەن مۇنداق جاۋاب بەردى:
— مەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەس دېگەن سۆزنى راست دېگەن بولسام، مېنى كەچۈرگىن. ئەگەر يالغان دېگەن بولسام، يالغانچىنى قازى قىلماق خوپ ئەمەستۇر.
پادىشاھ دانىشمەننىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى كەچۈردى.

## ئەللىك بەشىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى بىر ئەمىر قارىغا ئوق ئېتىۋاتاتتى. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئاتارمەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئوقى نىشانغا تەگمەيۋاتاتتى. توساتتىن بۇ يەرگە بىر كەمبەغەل كېلىپ، ئەمىردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلدى. ئەمىر ئوقياسىنى ئۇ كەمبەغەلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:
— نىشانغا ئات، — دېدى. كەمبەغەل ئوق ئۈزۈۋېدى، بەختىگە يارىشا نىشانغا تەگدى. ئەمىر كۆپ خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭغا يۈز رۇپىيە ئىنئام قىلىپ، كېيىنىشكە ئىجازەت بەردى. كەمبەغەل ئېيتتى.
— تىلىگەنىدىم، بىر نەرسە تاپىمىدىمغۇ؟
ئەمىر بۇ سۆزدىن غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— يۈز رۇپىيىنى نىشانغا تەگكۈزگىنىم ئۈچۈن ئالـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىم، — دېدى كەمبەغەل، — تىلىگىنىمگە نېمە تاپتىم؟ ئەمىر بۇ سۆزدىن كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا باشقا ئىنئام بەردى.

## ئەللىك ئالتىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر كىتابتا كۆردىكى: «كىمنىڭ بېشى كىچىك، ساقىلى ئۇزۇن بولسا، ئۇنداق كىشى ئەخمەق كەلگەي ...» ئۇ كىشىنىڭ بېشى كىچىك، ساقىلى ئۇزۇن ئىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «باشنى چوڭ قىلغىلى قۇدرىتىم يوقتۇر، لېكىن ساقىلىمنى قىسقا قىلغايمەن» دېدى. ساقىلىنى كېسىش ئۈچۈن قايچا ئىزدەپ تاپالمىدى. نائىلاج ساقىلىنىڭ يېرىمىنى قولىدا تۇتاملاپ، يېرىمىنى چىراغقا تۇتتى. ساقىلىغا ئوت تۇتىشىپ قولى كۆيگەندى، تۇتاملاپ تۇرغان ساقىلىنىمۇ قويۇپ بەردى. ساقىلىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ، ئۇكىلىگەن كاللىدەك بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەبلىك كىتابتا نېمە كۆرگەن بولسا، شۇ ئىسپاتلاندى.

## ئەللىك يەتتىنچى ھېكايەت

ساقىلى ئۇزۇن بىر كىشى چۈشىدە شەيتانغا يولۇقتى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ساقىلىنى مەھكەم تۇتۇپ:

— ئەي مەلئۇن، سەن مېنىڭ دۈشمىنىمسەن، سەن ئادەملەرنى ئالداش ئۈچۈن ساقىلىڭنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ

يۈرسەن، — دېدى. ئۇ ئارقىدىن شەيتاننىڭ يۈزىگە يەنە بىر شاپىلاق ئۇرۇۋېدى، ئۇيغىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ساقىلىنى ئۆزىنىڭ قولىدا كۆرۈپ تولىمۇ شەرمەندە بولدى ۋە ئۆزىگە ئۆزى كۈلدى.

## ئەللىك سەككىزىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ سوئال سورىدى. ئۇنىڭ سوئاللىرى مۇنداق ئىدى:

بىرىنچى سوئال، سەن نېمە ئۈچۈن ھەممە يەردە خۇدا ھازىر دەيسەن؟ مەن ھېچ يەردە كۆرمىدىم، كۆرسەتكىن.

ئىككىنچى سوئال، گۇناھ ئۈچۈن نېمىدەپ سىياسەت قىلىنىشىدۇ؟ نېمە قىلسا خۇدا قىلىدىغۇ، ئىنساندا نېمە قۇدرەت بولسۇن؟! خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز بەندە ھەرقانداق ئىشتا قۇدرەتسىزدۇر. ئەگەر ئىنساندا قۇدرەت بولسا ئىدى، ئۆزى ئۈچۈن ھەممە ئىشلارنى ياخشىراق قىلغان بولاتتى.

ئۈچىنچى سوئال، خۇدايىتائالا شەيتاننى قانداقمۇ دوزاخ ئوتىدا ئازابلىيالايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوتتىن يارىتىلغان تۇرسا، ئوتقا ئوت قانداقمۇ تەسىر قىلالىسۇن؟!

دەرۋىش بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ، چوڭ بىر كېسەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. ئۇ كىشى يىغلىغان پېتى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— پالانى دەرۋىشتىن ئۈچ سوئال سورىغانىدىم، ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا كېسەك بىلەن بېشىمغا ئۇردى. كېسەك بېشىمغا شۇنداق تەگدىكى، بېشىم ھازىرمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلدى.
قازى دەرۋىشنى چاقىرتىپ سورىدى:
— نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا كېسەك بىلەن ئۇردۇڭ؟ ھەمدە سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىڭ؟
— جاۋاب بەردىم، — دېدى دەرۋىش، — ئاشۇ كېسەك ئۇنىڭ سوئاللىرىنىڭ جاۋابىدۇر. بىرىنچى، ئۇ بېشىم ئاغرىيدۇ دەيدۇ، ئۇ ئاشۇ دەردنى كۆرسەتسۇن قەيەردىكىن، ئاندىن مەن خۇدانى كۆرسەتكەيمەن. ئىككىنچى، ئۇ ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا نېمە ئۈچۈن نالە قىلىدۇ؟ ھەر نېمە قىلسا، خۇدا قىلدى ئەمەسمۇ؟ خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز ئۇرغىنىم يوققۇ؟! مەندە ئۇنى ئۇرماققا نەدىمۇ قۇدرەت بولسۇن؟! ئۈچىنچى، ئۇ تۇپراقتىن يارىتىلغان تۇرسا، تۇپراقتىن ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئەلەم يەتسۇن؟!
ئۇ كىشى شەرمەندە بولدى. قازى دەرۋىشنىڭ جاۋابىنى ماقۇللىدى.

## ئەللىك توققۇزىنچى ھېكايەت

بىر دەرۋىش بىر بېخىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلدى. بېخىل دېدى:
— مېنىڭ بىر سۆزۈم بار، ئەگەر سەن شۇنىڭغا ئۇنىساڭ، نېمە دېسەڭ بەرگەيمەن.
— ئۇ قانداق سۆزدۇر؟ — سورىدى دەرۋىش.
— ھېچ ۋاقىتتا مەندىن بىر نەرسە تىلىمەسلىككە ماقۇل بولغىن، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دېسەڭ ئۇنىغايمەن.

## ئاتمىشىنچى ھېكايەت

بىر كىشى بىر بېخىل بىلەن دوست ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بېخىلغا:

— مەن سەپەرگە جابدۇنۇپ قالدىم، سەن ئۈزۈكۈڭنى ماڭا يادىكار قىلغىن، مەن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە تۇتۇپ، ھەردائىم ئۇنى كۆرسەم، سېنى كۆرگەندەك بولسام — ... دېدى.

— ئەگەر مېنى يادلىماقنى خالىساڭ، ھەر ۋاقىت قولۇڭنى ئۈزۈكسىز كۆرگىن ۋە پالانى كىشىدىن ئۈزۈك سورىسام بەرمىگەنىدى دەپ مېنى يادىڭغا ئالغىن، — دەپ جاۋاب بەردى بېخىل.

## ئاتمىش بىرىنچى ھېكايەت

بىر دانىشمەن بىر شەھەرگە بېرىپ: «بۇ شەھەردە بىر ساخاۋەتلىك كىشى بارمىش، مۇساپىرلارغا تائام بېرەر ئىمىش» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ بىر ئەسكى يىرتىق كىيىم بىلەن سېخىينىڭ ئالدىغا بېرىۋېدى، سېخىي ئەسلا ئىلتىپات قىلمىدى، ھەتتا ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. دانىشمەن ئوسال بولۇپ ياندى.

دانىشمەن ئەتىسى يېڭى بىر كىيىمنى ئىجارىگە ئېلىپ سېخىينىڭ ئالدىغا يەنە باردى. سېخىي ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تائاملارنى كەلتۈردى. دانىشمەن تائام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەدەپ كىيىملىرىگە «ئالە، يە» دەپ ئىشارەت قىلغىلى تۇردى. سېخىي سورىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

دانىشمەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— كېچە ئەسكى كىيىملەر بىلەن كېلىپ، ھېچقانداق تائامغا ئېرىشمىگەنىدىم، بۈگۈن يېڭى كىيىم بىلەن كېلىپ، تائامغا ئېرىشتىم. بۇ تائاملار مەن ئۈچۈن ئەمەس، كىيىم ئۈچۈن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

سېخىي شەرمەندە بولۇپ، دانىشمەنگە ئۆزرە قويدى.

## ئاتمىش ئىككىنچى ھېكايەت

بىر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئۈستىگە بىر توپ چېرىك ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار يېڭىلىپ قالدى.

بىر قىزىقچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— چېرىكلىرىڭىز زەپەر قۇچتى.

پادىشاھ قىزىقچىغا ئىنئام بەردى. ئەتىسى چېرىكنىڭ يېڭىلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. پادىشاھ ھېلىقى كىشىگە سىياسەت قىلمىشقا باشلىدى.

— ئەي پادىشاھ، — دەپ ئەرز قىلدى قىزىقچى، — مەن سىياسەتكە لايىق ئەمەسمەن، چۈنكى ئۆتكەن كۈنى مەن سىزنى خۇشال قىلغان تۇرسام، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مېنى خاپا قىلىسەن؟

پادىشاھ بۇ لەتىپىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىنئام بەردى.

# ئاتمىش ئۈچىنچى ھېكايەت

بىر بېخىل بىر دوستىغا:

— مېنىڭ مىڭ رۇپىيە پۇلۇم بار، بۇ پۇللارنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈپ قويۇشنى ئويلاپ قالدىم. بۇ سىرنى سەندىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە دېمىگەيمەن، — دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى دوست شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بۇ پۇللارنى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېخىل ئۆزى يالغۇز ھېلىقى دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىۋېدى، پۇلدىن ھېچقانداق ئەسەر كۆرمىدى.

— بۇ پۇللارنى ئاشۇ دوستۇمدىن باشقا ھېچ كىشى ئالمايدۇ، لېكىن ھازىرلا ئۇنىڭدىن سورىسام ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ، — دېدى بېخىل ئۆز-ئۆزىگە.

ئەلقىسسە بېخىل دوستىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— قولۇمغا يەنە بىر مۇنچە پۇل كىرىپ قالدى، ئۇنىمۇ ھېلىقى دەرەخنىڭ ئاستىغا كۆممەكچىمەن، ئەتە كەلسەڭ بىللە بارايلى.

ھېلىقى دوست كۆپرەك پۇلنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ تەمەسىدە قولىدىكى پۇللارنى يەنە ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ كەلدى. بېخىل ئەتىسى يالغۇز بېرىپ، پۇللىرىنى ياندۇرۇپ كەلدى ۋە ئۆز ھېكمىتىگە تولىمۇ قايىل بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان دوستلىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئاتمىش تۆتىنچى ھېكايەت

ئىككى رەسسام بىر-بىرىگە دېدىكى:

— ئىككىمىز ئىككى تەسۋىر سىزايلى، ئىككىمىزنىڭ قايسىمىز ياخشى سىزىمىزكىن كۆرۈپ باقايلى.

رەسسامنىڭ بىرى بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدى. قۇشلار ئۇنى كۆرۈپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن چوقۇسا، ئۇنىڭغا قارىغان كىشىلەر تولىمۇ ماختاپ ئۆتەتتى.

بۇ رەسسام ئۆز كەسىپدىشىنىڭ سىزمىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە:

— سىزغان تەسۋىرىڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدا.

— ئاۋۋالقى رەسسام پەردىنى قايرىماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋېدى، قولى پەردىگە ئەمەس، تامغا تەگدى. ئەسلىدە، رەسسام تامغا پەردىنىڭ تەسۋىرىنى سىزغانىكەن. پەردە سىزغان رەسسام كەسىپدىشىغا مۇنداق دېدى:

— سەن سۈرەت سىزىۋېدىڭ، قۇشلار ئالداندى، مەن شۇنداق سىزدىمكى، رەسسام ئالداندى.

## ئاتمىش بەشىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئات ئوغرىلاش ئۈچۈن بېرىۋېدى، تۇتۇلۇپ قالدى. ئاتنىڭ ئىگىسى:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئېتىمنى ئوغرىلاشتىكى ھېكمىتىڭنى كۆرسىتىدىغان بولساڭ، سېنى ئازاد قىلغايمەن، — دېدى ئوغرىغا. ئوغرى بۇ سۆزنى قوبۇل قىلدى ۋە ئاتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئايغىدىكى ئارغامچىنى كەستى، ئاندىن كېيىن يۈگەنلىدى. ئارقىدىنلا ئاتقا مىندى — دە، تېزلىك بىلەن چاپتى.

— قارا، — دېدى ئوغرى ئاتنىڭ ئىگىسىگە، — ئاتنى مانا مۇشۇنداق ئوغرىلايدۇ.

كىشىلەر ئارقىغا چۇشۇپ، قانچە قوغلىسىمۇ ئۇنى تاپالمىدى.

# ئاتمىش ئالتىنچى ھېكايەت

بىر كەمبەغەل كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئېتى بار ئىدى. ئۇ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى ئوقۇر تەرەپكە، بېشىنى قۇيرۇقى تۇرىدىغان تەرەپكە قىلىپ ئاتخانىغا باغلىدى ۋە:

— ئەي ئادەملەر، بۇ ئاجايىپ تاماشانى كۆرۈڭلاركى، ئېتىمنىڭ بېشى قۇيرۇقى تەرەپكە بولۇپ قاپتۇ، — دەپ توۋلاشقا باشلىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى توپلاندى. كىمكى بۇ تاماشانى كۆرۈش ئۈچۈن ئاتخانىغا كىرمەكچى بولسا، ھېلىقى كىشى ئۇنىڭدىن بىر ئاز پۇل ئېلىپ كىرگۈزەتتى. ئاتخانىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردىن ئوسال بولۇپ يېنىپ چىقاتتى ۋە ھېچكىمگە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com



## ئاتمىش يەتتىنچى ھېكايەت

بىر كىشى ئەپلاتۇندىن سورىدى:

— قانچە يىللار قۇرۇقلۇقتا بولدىڭ ۋە دەريادا سەپەر قىلدىڭ، ئېيتقىنكى، دەريادا قانداق ئاجايىپلىقلارنى كۆردۈڭ؟

— ئاجايىپ شۇكى، — دېدى ئەپلاتۇن، — سالامەتلىك بىلەن دەريانىڭ قىرغىقىغا ئۇلاشتىم.

## ئاتمىش سەككىزىنچى ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا پادىشاھ سۇلتان مەھمۇد[1] ئاياز[2] نى ئۆزىگە تولىمۇ يېقىن تۇتاتتى. بۇ سەۋەبتىن ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇلار پادىشاھقا:

—ئاياز ھەركۈنى جاۋاھىرخانىغا تەنھا كىرىدۇ، ئېنىقكى، ئۇ بىر نەرسە ئوغرىلايدۇ، بولمىسا جاۋاھىرخانىدا نېمە ئىش قىلغاي؟!

— كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم ئىشەنمەيمەن، — دېدى پادىشاھ.

بىر كۈنى پادىشاھقا: «ئاياز جاۋاھىرخانىدا» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى. پادىشاھ تۆشۈكتىن جاۋاھىرخانىغا نەزەر تاشلىدى. كۆردىكى، ئاياز بىر ساندۇقنى ئېچىپ، كونا ۋە يىرتىق بىر نەرسىنى ساندۇققا سېلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئىشىكتىن

① سۇلتان مەھمۇد — سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى. (968-1031) 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەزنە شەھىرىدە قۇرۇلغان غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى.

② ئاياز — سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قۇلى، ئوردا مەھرىمى.

كىرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەسكى پارچىنى ساندۇقتا ساقلايسەن؟

— ئەي پادىشاھ، — دەپ ئەرز قىلدى ئاياز، — مەن ھەزرەتلىرىگە قۇل بولمىغان ۋاقتىمدا مۇشۇنداق ئەسكى كىيىملەرنى كىيگەنىدىم، ھازىر ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە يېڭى لىباسلارغا ئېرىشتىم. ئاۋۋالقى ھالىتىمنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ بۇ ئەسكى كىيىملەرنى ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرىمەن ۋە كىيىمەن. بۇنىڭ بىلەن، ھەزرەت پادىشاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتكەيمەن.

پادىشاھ ئايازدىن بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ، ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈردى.

## ئاتمىش توققۇزىنچى ھېكايەت

ياشلىقى ئاخىرلاشقان بىر قاغا ئۇزۇن مۇددەت بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇ بىمارلىقتىن خالاس بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۈمىدسىز ھالدا ئانىسىغا مۇنداق دېدى:

— ئەي مېھرىبان ئانا، ھەرقايسى مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ، مېنىڭ گۇناھ ۋە سالامەتلىكىم ئۈچۈن دۇئا تىلىگىن. ئەجەب ئەمەسكى، خۇداگوي ئۇلۇغلار دۇئاسىنىڭ بەركىتىدىن ساقىيىپ قالغايمەن.

— ئەي جىگەر پارەم، — دېدى ئانىسى، — مەنغۇ جانۇ دىلىم بىلەن دۇئا تىلەيمەنكى، خۇدايىتائالا ساڭا شىپا بەرگەي ۋە بۇ كېسەلدىن ساقايتقاي. لېكىن، مېنىڭ ئەندىشەم شۇكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرەر كىشىمۇ سېنىڭ ھەققىڭدە دۇئا قىلمىغاي، ئەگەر دۇئا قىلغان تەقدىردىمۇ خۇدايىتائالا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى سېنىڭ ھەققىڭگە قوبۇل قىلمىغاي. چۈنكى، سەن پۈتۈن ئۆمرىڭنى خۇنرىزلىق (قان تۆكۈش) ۋە بەدكارلىق (يامان ئىش) بىلەن ئۆتكۈزدىڭ. ھازىر بۇ سۈرەتتە دۇئا تىلىمەك ۋە دۇئا قىلماق بىھاسىلدۇر.

بۇ ھېكايىدىن خۇلاسە شۇكى، ئىنسانغا ياشلىق ۋە يىگىتلىك پەيتىدە ياخشى ئىش بىلەن مەشغۇل بولماق تولىمۇ زۆرۈردۇر... كىمكى پۈتۈن ئۆمرىنى يامان ئىش ۋە ھارامخورلۇقتا ئۆتكۈزسە، جان بېرەر ۋاقتىدا كەچۈرۈمدىن ئۈمىد قىلماسلىق لازىم. چۈنكى، ئۇلەر ھالەتتە تۇۋا قىلماق ۋە كەچۈرۈم ئۈمىدىدە بولماق پايدىسىزدۇر.

## يەتمىشىنچى ھېكايەت

بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل[1] ۋەزىرى بۇزۇرجۇمىھر[2] بىلەن يالغۇز قالدى.

— سەن، — دېدى نۇشىرۋان ۋەزىرگە، — ئەقىل ۋە ھېكمەتتە زامانىنىڭ داناسىسەن، شۇڭا مەن سەندىن ھاياتنىڭ سىررى نىھانلىرى[3] ئۈستىدە ئەللىك سوئال سورىماقچىمەن،

---

① نۇشىرۋان ئادىل — مىلادىيە 224-يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20-پادىشاھى نۇشىرۋان بىننى قاباد. ئۇ تارىختا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ نام قازانغان.

② بۇزۇرجۇمىھر نۇشىرۋاننىڭ ۋەزىرى بولۇپ، زامانىسىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە دانىشمەن ئىدى. ئۇ ھىندى تىلىدا يېزىلغان بىرمۇنچە كىتابلارنى پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ساسانىيلار مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

③ سىررى نىھان — يوشۇرۇن سىرلار.

تەخىر قىلماي جاۋاب بەرگەيسەن.

— قۇللۇق، — دېدى ۋەزىر، — ئاللا پىكىرىمگە جاۋاب سالماقنى نېسىپ قىلغاي!

ئەلقىسسە، نۇشىرۋان سوئالىنى باشلىدى، بۇزۇرجۇمھر جاۋاب بەردى.

سوئال: خۇدايىتائالادىن نېمە تىلىمەك كېرەك؟

جاۋاب: ياخشىلىق ۋە ئىككىلا دۇنيادا ئافىيەتمەندلىك. ①

سوئال: سۇلۇك② نېمىدۇر؟

جاۋاب: خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋە بەندىلىرىگە شەپقەت قىلماق.

سوئال: ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزمەك كېرەك؟

جاۋاب: خۇشاللىق ۋە كەم ئازارلىق③ بىلەن.

سوئال: ئۆمۈرنى قايسى كەسىپكە سەرپ قىلماق كېرەك؟

جاۋاب: تەھسىلى ئىلىمگە (ئىلىم ئالماققا).

سوئال: ئىلىمنىڭ نەتىجىسى نېمىدۇر؟

جاۋاب: ئىلىم ئوقۇغۇچى كىچىك بولسا، ئۇلۇغ بولغاي، كەمبەغەل بولسا، باي بولغاي.

سوئال: توغرا يول نېمە بىلەن مەلۇم بولۇر؟

جاۋاب: ئىلىم نۇرى بىلەن.

سوئال: دۇنيا دەپ نېمىگە ئېيتىدۇ؟

جاۋاب: ئاخىرەتكە يارىمىغان ھەرقانداق نەرسىنى.

سوئال: سۇلۇك يولىنىڭ روشەنلىكى نېمە بىلەن بولۇر؟

---

① ئافىيەتمەندلىك — سالامەتلىك، ساغلاملىق، بەختىيارلىق.
② سۇلۇك — يول، ئېقىم.
③ كەم ئازارلىق — باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



جاۋاب: نەپسكە غالىب كەلمەك بىلەن.
سوئال: قانداق تەدبىر بىلەن نەپسكە غالىب كەلگىلى بولىدۇ؟
جاۋاب: ئۇنىڭ تەتۈرىگە ماڭماق بىلەن.
سوئال: ھەممىدىن بۇرۇن كىمگە ياخشىلىق قىلماق كېرەك؟
جاۋاب: ئاتا ۋە ئانىنىڭ ھەققىگە.
سوئال: كىمگە يامانلىق قىلماق كېرەك؟
جاۋاب: ئۆز نەپسىگە.
سوئال: خۇدانىڭ خۇشلۇقى نېمە بىلەن ھاسىل بولۇر؟
جاۋاب: ئاتا ۋە ئانىغا خىزمەت قىلماق بىلەن.
سوئال: قايسى ياخشىلىق خۇدانىڭ ئالدىدا مەقبۇلدۇر؟
جاۋاب: ئاتا-ئانا، پەرزەنت ۋە قېرىنداشلىرىغا قىلغان ياخشىلىق.
سوئال: قايسى يامانلىق خۇدانىڭ ئالدىدا مەزمۇمدۇر[1]؟
جاۋاب: پەرزەنتلىرىگە دۇئايى بەد[2] قىلماق ۋە ئاجىزلارغا زۇلۇم يەتكۈزمەك.
سوئال: بەختىيار كىشىنى قانچە دەلىل بىلەن تونۇغىلى بولغاي؟
جاۋاب: ئۈچ دەلىل بىلەن: بىرىنچى، ئىلىم تەلەپ قىلماق. ئىككىنچى، ساخاۋەتلىك بولماق. ئۈچىنچى، ئوچۇق يۈزلۈك بولماق ۋە كۆلۈمسىرەپ تۇرماق.
سوئال: ھەممە ئىشنىڭ ياخشىراقى نېمە؟

---

① مەزمۇم — خار، سۆكۈلگەن.
② دۇئايى بەد — يامان دۇئا، قارغىماق.

جاۋاب: ئالىملار ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولماق ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بەھرە ئالماق.
سوئال: ئارىپ[1] كىشىنىڭ دەلىلى نېمىدۇر؟
جاۋاب: باشقىلارغا ئازار بەرمەك پىكىرىدە بولمىسا.
سوئال: كەم ئازارلىق قانداق ھاسىل بولۇر؟
جاۋاب: ھەممە جانلىقلاردىن ئۆزىنى كەم ۋە ناچار بىلمەك بىلەن.
سوئال: بۇ خىسلەت قانداق ھاسىل بولۇر؟
جاۋاب: ئالىم ۋە دانىشمەنلەر سۆھبىتىنىڭ بەرىكىتىدىن.
سوئال: يوقسۇزلۇقتا نېمىنى ئىختىيار قىلماق كېرەك؟
جاۋاب: خۇدانىڭ رازىلىقىنى.
سوئال: خۇدانىڭ ئىبادىتىگە كۆڭۈل نېمە بىلەن مايىل بولۇر؟
جاۋاب: ئۆلۈمنى يادلىماق بىلەن.
سوئال: كۆڭۈل نېمە بىلەن قاراڭغۇ بولۇر؟
جاۋاب: دۇنيا مېلىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن.
سوئال: كۆڭۈل نېمە بىلەن روشەن بولۇر.
جاۋاب: دۇنيا مېلىنى دوست تۇتماسلىق بىلەن.
سوئال: دۇنيادا تۇرماقلىق نېمىگە ئوخشايدۇ؟
جاۋاب: بىر مۇساپىر بىر سارايغا چۈشۈپ، كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا كۆچكەنگە.
سوئال: كىشىگە جاندىن ئېزىزراق نېمە بار؟
جاۋاب: دىندار كىشىگە ئىمان، دىنسىز كىشىگە ئاقچا.

[1] ئارىپ — بىلگۈچى، تونۇغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوئال: كىشىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىدىن قانداق خەۋەردار بولماق كېرەك؟
جاۋاب: مۇئامىلە بىلەن.
سوئال: قايسى سۆز راست بولسىمۇ يالغان تۇيۇلىدۇ؟
جاۋاب: ياشلىقتىكى كۈچ-قۇدرەتنى قېرىغاندا سۆزلىمەك ۋە بايلىق راھىتىنى كەمبەغەللىكتە ھېكايە قىلماق.
سوئال: دوستنى قانداق چاغدا سىنىغىلى بولغاي؟
جاۋاب: ھاجەت چۈشكەن چاغدا.
سوئال: يامان پەرزەنت نېمىگە ئوخشايدۇ؟
جاۋاب: گويا ئالتىنچى بارماققا، ئۇنى كەسسە ئاغرىيدۇ، كەسمىسە ئەيىب.
سوئال: ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟
جاۋاب: ئاسماندىن يەرگىچە، ئاسماندىن ياغمىسا، يەردە كۆكەرمىگەي.
سوئال: مۇساپىرلىق (سەپەر قىلماق) ياخشىمۇ ياكى مۇقىملىق؟
جاۋاب: مۇساپىرلىق ئېقىن سۇغا ئوخشىسا، مۇقىملىق توختام سۇغا.
سوئال: گۇناھنىڭ داۋاسى نېمىدۇر؟
جاۋاب: تۆۋە قىلماقلىق.
سوئال: دۆلەتمەن كىشىگە قايسى ئەمەل ياخشى؟
جاۋاب: موھتاجلارغا نان بەرمەك ۋە مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلماق.
سوئال: نېمىنى كۆپ يادلىماق كېرەك؟

جاۋاب: ئاللانىڭ نامى بىلەن ئۆلۈمنى.
سوئال: رىزىق نېمىدۇر؟
جاۋاب: ساڭا يەتكەن ھەرقانداق نەرسە.
سوئال: قانداق كىشىنى نەگە بارسىلا كىشىلەر دوست تۇتىدۇ؟
جاۋاب: ئەدەپلىك كىشىنى.
سوئال: ئۇيقۇ ياخشىمۇ ياكى ئويغاقلىق؟
جاۋاب: زالىمغا ئۇيقۇ ياخشى، ئادىلغا ئويغاقلىق.
سوئال: ئۇ قانداق كىشىدۇركى، يۈز لەپ ئەيىبى بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ئەيىب قىلمىغاي؟
جاۋاب: سېخىي كىشى.
سوئال: قانچە نەرسە قايغۇنى يوقاتقاي؟
جاۋاب: ئىككى نەرسە، بىرى، مۇۋاپىق رەپىق[1]، يەنە بىرى سادىق دوستنى كۆرمەكلىك.
سوئال: ئاقىل كىشى كىمدۇر؟
جاۋاب: دۇنيانىڭ ئېگىز-پەسلىكىدىن كۆڭلىنى يېرىم قىلمايدىغان كىشى.
سوئال: ئالىي ھىممەت كىشى كىمدۇر؟
جاۋاب: ئاخىرەت نېمىتىنى دۇنيا نېمىتىدىن ئايرىغان كىشى.
سوئال: قايسى كېسەلدۇركى، تېۋىپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا ئاجىز كەلگەي؟
جاۋاب: ئەخمەقلىق ۋە ئەبلەخلىق.

---

[1] رەپىق — يولداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوئال: قايسى ئىشنى قىلماق بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟
جاۋاب: دوستلارغا مېھرىبان بولماق ۋە دۈشمەن بىلەن چىقىشماق بىلەن.
سوئال: تىرىكلىكتىن ياخشىراق، ئۆلۈمدىن يامانراق نېمىدۇر؟
جاۋاب: تىرىكلىكتىن ياخشىراق نەرسە — ياخشى نامدۇر، ئۆلۈمدىن يامانراق نەرسە — بەتنام (يامان نام) دۇر.
سوئال: ھەممە ئەمىرلەرنىڭ ئىچىدە قايسى بىرى ياخشى؟
جاۋاب: ئاللانىڭ رازىلىقى.
سوئال: تەننىڭ ساقلىقى نېمە بىلەن بولۇر؟
جاۋاب: ھەقىقىي ئىشتىھا قوزغالغاندا تاماق يېمەك ۋە ئىشتىھاسى بار تۇرۇپ تاماقتىن قول يىغماقلىق بىلەن.
سوئال: دوست كىمدۇر؟
جاۋاب: ئەيىبىڭنى يوشۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقىڭنى ئاشكارىلىغان كىشى.
سوئال: ئىنسان قايسى ئەمەلنى قىلماق بىلەن ھەممە كۆڭۈللەرگە ياققاي؟
جاۋاب: راست مۇئامىلە قىلماقلىق ۋە كۆلۈمسىرەپ تۇرماقلىق بىلەن.
سوئال: دۇنيا نېمەتلىرىدىن قانچىسى ياخشىراقتۇر؟
جاۋاب: بىرى، ياراملىق پەرزەنت، ئىككىنچىسى، ھالال كەسىپتىن تاپقان مال، ئۈچىنچىسى، ياخشى قىلىق ۋە ساھىبجاماللىق.
سوئال: سادىق دوستنىڭ ئالامىتى نېمە؟

جاۋاب: دوستقا يار-يۆلەك بولماقلىق ۋە ئۆز دوستىنى يامانلىقتىن ياندۇرماقلىق ۋە توسماقلىق.

نۇشىرۋان ۋەزىرنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقىدى ۋە ئىنتايىن كۆپ ئىنئام ئاتا قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# سائەتنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئەمىن

ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ.
ھېچقانداق ئىش ئۆز قەرەلىدىن بۇرۇن ۋە
كېيىن يۈز بەرمەيدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «سائەتنامە» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سائادەتلىك ھەم نەسلىك ۋاقىت چۈشەنچىسى ھەققىدە

پۈتكۈل مەۋجۇدات چەكسىز ۋاقىتنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئالەمدە ۋاقىتنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىپ كەتكەن ھېچقانداق شەيئى يوق. ئالەم جىسىملىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى يەنى قۇياش، ئاي، يەر شارى ۋە باشقا يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ ئۆز ئورنىنى قانۇنىيەتلىك ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى ۋە بۇ ئۆزگىرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى، پەسىل ئۆزگىرىشلىرى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى قاتارلىقلار ئىنسانلاردا ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە ۋاقىت چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخى مۇساپىسىدە تەبىئەت ئىنسانلارغا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى ۋە چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بىراق، مانا شۇ چەكسىز ئىمكانىيەت ۋە چەكسىز ۋاقىت دەۋرلىكى جەريانىدا كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، كىشىلەردە بەخت ۋە بەختسىزلىك چۈشەنچىلىرى، قۇتلۇق كۈن، قۇتلۇق ئاي، قۇتلۇق يىل چۈشەنچىلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشى، بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بولغان كۆزىتىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ

ئىپتىدائىي كالېندارچىلىق ۋە مۇنەججىملىك (يۇلتۇز-شۇناسلىق)، قۇرئى (پالچىلىق) چىلىق قاتارلىقلار بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندۈزلۈك تۇرمۇشىدىن تارتىپ سودا-سېتىق، سەپەر، ھېيت-بايرام، ئۇرۇش ۋە باشقا تۇرلۇك مۇراسىملارغىچە سىڭىپ كىرىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇقىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغاندى. شۇڭا، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆزگىچە ۋاقىت چۈشەنچىلىرى ۋە ئوخشىمىغان ۋاقىتنىڭ كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادەت ئارزۇسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بار.

قەدىمكى شەرق خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق جەھەتتىكى بىلىش نەتىجىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ساھەدىكى سەھىپىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى تارىخىي پاكىتلاردىن بىزگە مەلۇم. ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئاسماندىكى سەييارىلەرگە شۇ سەييارىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ نام بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 12 يىلنى بىر دەۋرى يىل قىلىپ ھەربىر يىلغا بىر ھايۋاننىڭ نامىنى قويغان. بۇ ھايۋانلارنىڭ نامىمۇ تاسادىپىي قويۇلماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىللارنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ساخاۋىتى ۋە كاساپىتى توغرىسىدىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىپ شۇ ئاساستا، شۇ دەۋرى بويىچە ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بىر ھايۋاننىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. بىز بۇ توغرىدىكى كونكرېت مەلۇمات ھەققىدە ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە مەدەنىيەتشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىن خېلى قانائەتلىنەرلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز.

مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان. ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىش (دەۋرى قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ، بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا، بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن.» خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر نەچچە ھايۋانلار ئۆزىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ

ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن، يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان.

2) ئۇي (كالا) يىلى (3) بارس (يولۋاس) يىلى (4) توشقان يىلى (5) لەھەڭ (تىمساھ) يىلى (6) يىلان يىلى (7) ئات يىلى (8) قوي يىلى (9) مايمۇن يىلى (10) توخۇ يىلى (11) ئىت يىلى (12) توڭگۇز يىلى، توڭگۇز يىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن باشلىنىدۇ.[1]

مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەن تارىخى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر يىلغا بولغان چۈشەنچىسى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىشنى ئۇنتۇمىغان.

«تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر-بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق-تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ. چۈنكى، توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۇچۇن ئەخلەت-چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ، لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل-يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ. چۈنكى، لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ، توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 449-، 452-بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياغىدۇ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە-پاسات كۆپىيىدۇ، تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر يىلى بىر ئەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.»[1]

ئۇيغۇرلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى مۇئەييەن ۋاقىت (يىل) لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ خىل ۋاقىت كۆزقارىشىغا ئاساسەن، ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا تىرىشقان. يەنى، توڭگۇز يىلى كىرگەندە ئۇلار ئۆزىنىڭ ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدۇ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، دېگەن چۈشەنچىسىگە ئاساسەن تېرىقچىلىقنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەن. دېمەك، بارا-بارا ۋاقىت چۈشەنچىسى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت ئالەم ھادىسىلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ۋە بىلىشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ئۇلارنى تېخىمۇ مول ئاسترونومىيىلىك بىلىمگە موھتاج قىلدى. ئۆز دەۋرىدىلا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئاسمان جىسىملىرى بىلەن بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. شۇڭا، ئۇلار ھەربىر ئىشتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھەربىي ئىشلار، تېبابەتچىلىك، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ قاتارلىق ھەر تۈرلۈك

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 449-، 452-بەتلەر.

هاياتلىق پائالىيەتلىرىدە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بېشارەتلىرىنى قوبۇل قىلىش بىر خىل ئىلمىي ياشاش ھېسابلىناتتى. ھەقىقەتەن ئادەم تەبىئەت دۇنياسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، چۈنكى ئادەم تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، تەبىئەت ئادەمگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، ئادەم تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى بولمىسا ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۆت تادۇ قارىشىغا ئاساسلىنىپ تېبابەت ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىگە ئوخشاش، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ۋاقىت دەۋرلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان ياخشى چاغ ۋە يامان چاغلىرىنى بىلىشكە تىرىشقان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلىغان. چۈنكى، ھەربىر پەسىلنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان خۇشاللىقى بار. ھەربىر پەسىلنىڭ ئۆزىگە خاس سېخىيلىقى بار. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ساخاۋەت پۇرسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان خەلق ئۇچۇن ئۇلارغا جەننەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. چۈنكى، پۇرسەت ئالتۇندىن قىممەت. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقىت-سائىتى بولىدۇ، ھېچقانداق ئىش ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن يۈز بەرمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى قانۇنىيەت. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتى ۋە ئۆز ھالىدا قىلىشنى، ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتى، ئۆز ھالىدىن ئاشۇرۇۋېتمەسلىك ۋە كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنداق چۈشەنچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشى ئارقىسىدا ئاسترونومىيىلىك بىلىشمۇ ۋە ۋاقىت ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ تېخىمۇ ئىلمىيلاشقان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇلتۇزلار ۋە ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى بىلىش نەتىجىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق ئەكس ئەتكەن:

«يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بېزەك، بەزىسى يول كۆرسەتكۈچ، بەزىسى خەۋەرچى (ئۈچۈر يەتكۈزگۈچى) دۇر، بەزىسى خالايىققا يورۇقلۇق بەرسە، بەزىسى يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدە، بىر قىسمى تۆۋەندە، بەزىسى يورۇقراق، بەزىسى خىرەرەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا سەكەنتىر (زوھەل-ساتورىن) يورۇيدۇ، ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر ئۆي (بۇرۇج) دە قالىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا ئۇڭاي (مۇشتىرى يۇلتۇزى يەنى يۇپىتىر) يۇرىدۇ، ئۇ بىر ئۆي (بۇرۇج) دە دەل ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچى بولۇپ قەھىر بىلەن ھەرىكەت قىلىپ كورود يۇرىدۇ. ئۇ قاياققا باقسا ياشارغان نەرسىلەرنى قۇرىتىۋېتىدۇ. تۆتىنچى ئورۇندىكى ياشىق (قۇياش)، ئۇ جاھاننى يورۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان ۋە ئۇدۇللانغانلار ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ. بەشىنچىسى، سۆيۈملۈك سەۋىتتۇر (زوھرا-ۋېنېرا)، ئۇ ساڭا سۆيۈپ باقسا خۇشاللىققا ئېرىشسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىگەن ئارزۇلىرىڭنى ئېلىپ، ئارزۇ (ئەتارۇت-مېركۇرى) كېلىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەم تىلىكىگە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەندە بالچىق يۇرىدۇ. ئۇ قۇياشقا ئۇدۇل باققاندا تولۇن بولىدۇ.»

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پلانېتىلار ۋە

ئۇلارنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن بەخت-سائادەت چۈشەنچىلىرىنىڭ قانچىلىك گىرەلىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىسى ۋە ۋاقىت قارىشى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى ئۇلار يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى پەسىللەر بويىچە تەرتىپلەشتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن يىللار، ئايلار، ھەپتىلەر ھەتتا كۈنلەرنىڭ كونكرېت ھېسابىنى قىلىش ئۈچۈن مول بىلىش ئاساسىغا ئىگە بولغان.

«يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئون ئىككى بۈرچمۇ بار.[1] ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۈپ ئۆي (بۈرچ) لۈك بەزىسى بىر ئۆي (بۈرچ) لۈكتۇر. باھار يۇلتۇزى قوزىدىن كېيىن ئۆي كېلىدۇ. جەۋزا بىلەن سەراتان تۇتۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. بۇغداي بېشى بىلەن ئارسلان قوشنا يۈرىدۇ. ئارقىدىن چايان بىلەن قەۋسىنىڭ ھەمراھى مىزان تۇرىدۇ. ئۇلىشىپلا ئوغلاق، سوغا، بېلىق كېلىدۇ. بۇلار تۇغقاندا ئاسمان يورۇپ كېتىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچى ئەتىيازلىق، ئۈچى يازلىق يۇلتۇزلار، ئۈچى قىشلىق، ئۈچى قىشلىق يۇلتۇزلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈچى ئوتقا، ئۈچى سۇغا، ئۈچى شامالغا، يەنى ئۈچى تۇپراققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيا شۇلاردىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن.»[2] مانا بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئىنكاسى. تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ سەمەرىسى.

---

① 12 بۈرچ دېگىنىمىز، قۇياش بىر يىلدا بېسىپ ئۆتىدىغان ئاسمان جىسىملىرى رايونى بىلەن شۇ رايونغا جايلاشقان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② «قۇتادغۇبىلىك»، رومانلاشتۇرۇلغان نۇسخا، 13-، 14-بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەزكۇر «سائەتنامە» رىسالىسى شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك بىلىش نەتىجىلىرى، ۋاقىت چۈشەنچىلىرىنى تۇرمۇشنىڭ كونكرېت تەرەپلىرىگە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. رىسالىدە كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇش، يەر تەۋرەش ۋە ئۇلارنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى بايان قىلىنغان.

«سائەتنامە» دە بىر يىلدىكى ئون ئىككى ئاينى، ھەربىر ئاينىڭ ھەر ھەپتە ۋە ھەربىر كۈننى، ھەربىر كۈننىڭ كېچە-كۈندۈزنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىنى كونكرېت ئايرىغان. بۇنداق كونكرېت ۋاقىت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ دېھقانچىلىق، بىناكارلىق، سودا-سېتىق، سەپەر قىلىش، ئۇرۇش قىلماق توغرىسىدىكى قۇتلۇق ۋە نەسلىك ۋاقىت ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىش تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى پۈتكۈل پائالىيىتى داۋامىدا دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل ھايات پائالىيەتلىرى بىرەر ئىشنى باشلاش، نىكاھ، ئۇۋ قىلىش، دەرەخ تىكىش، كۆل-ئېرىق قېزىش، دورا ئىچىش، قان ئالدۇرۇش قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى داۋامىدا دىققەت قىلىدىغان پەرەزلىك ۋاقىت چۈشەنچىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بىز رىسالىنىڭ مەزمۇنىدىن گەرچە بىر قىسىم دىنىي مەزمۇندىكى يۇغۇرۇلمىلارنى ئۇچراتساقمۇ، ئەمما خېلى كۆپ مەزمۇنلارنىڭ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلىمىز. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ئازراق ئاسترونومىيىدىن خەۋىرى بار، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇچەل ۋە ۋاقىت چۈشەنچىلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى مۇچەل چۈشەنچىسى ۋە ئەنئەنىۋى ۋاقىت چۈشەنچىسى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدىمۇ ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

خەنزۇلارنىڭ مۇچەل ھېسابى ۋە ئىككى يىلغا نام قىلىپ قويغان ھايۋانلار ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە. ھازىر خەنزۇلاردا ۋە چەت ئەللەردە مۇچەلنىڭ ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن تەقدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتقان «12 مۇچەل ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ» دېگەن بىر يۈرۈش كىتابتا بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات بار. ياۋروپا، ئامېرىكا ئىلمىي نۇجۇمى قەدىمكى بابىلوندىن كەلگەن. ئۇنىڭدىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشى بىلەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىنى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇلار ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ئاي-كۈنىگە ئاساسەن، ئۇنى مەلۇم يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ دەپ كونكرېت كۆرسەتكەن. مەسىلەن، 4-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغانلار ھەمەل يۇلتۇزىغا تەۋە بولىدۇ. 4-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغانلار سەۋر يۇلتۇزىغا تەۋە بولىدۇ... يەنە كېلىپ ھەربىر ئادەمدە ئۆزى تەۋە بولغان يۇلتۇز تۇركۇمىگە خاس ھايۋاننىڭ ياكى روھنىڭ خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. يەنى قوزا يۇلتۇزلۇق ئادەمدە قوي-قوزىنىڭكىگە ئوخشاش ئاجىزلىقلار بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاسادىپىي ھادىسىلەرنىڭ زىيان-زەخمىتىگە ئوخشاي ئۇچرايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش.

ياۋروپا، ئامېرىكا ئىلمى نۇجۇمى شەخسىنىڭ تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلىشقا ئېتىبار بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرمۇ تەسىرى كەلڭ. غەرب ئەللىرىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى ھەممىشە «كۈندۈزلۈك تەقدىر»، «ھەپتىلىك تەقدىر» دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ ئاسترونوملارنى ھەرقايسى يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ شۇ كۈنلۈك ياكى شۇ ھەپتىلىك ھەرىكىتى ئۈستىدە ئاگاھ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ.

«سائەتنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ئاشۇنداق ئاگاھ مەسىلىھەت رىسالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بىز كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ ئەنئەنىدىن بارا-بارا يىراقلاپ كەتكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ھازىرقى ياشلىرىمىزدا بۇ توغرىدىكى چۈشەنچە ۋە بىلىش يوق دېيەرلىك. ئەمما، ئانىلىرىمىز، مومىلىرىمىز ھەرقاچان قازانغا ياغ قۇيغاندا، تۇز قۇيغاندا «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، ئانىمىز پاتىمەنىڭ ھەققىدە... ئون ئىككى ۋاخ يىگىرمە تۆت سائەت» دەپ ياخشى سائەت-ياخشى ۋاقىتلارنى تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەشرەپنىڭ بىر شېئىرىدا پۈتۈن بىر ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنىگە باھا بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت سەيشەنبىنى «نەس» ئاتايدۇ:

مەن ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم ئەي نامىزىم شەنبە كەل.
شەنبىگە ئۆلگەرمىسەڭ شەپقەت قىلىپ يەكشەنبە كەل.
ئىككى ئالەمنىڭ چىراغى ئۇل كۈنى تاپتى ۋۇجۇد،
مۇستاپانىڭ ھۆرمىتىدىن دىلبىرىم دۈشەنبە كەل.

نەس ئاتاپتۇ يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە سەيشەنبىنى،
مۇستەجىپ بولغان دۈئانىڭ ھۆرمىتى چارشەنبە كەل.
نەچچە پەيشەنبە ئۆتۈپ كەلمەك مۇيەسسەر بولمىسا،
ئۆلگىنىمدە ياد ئېتەرسەن ئازنا كۈن تۇپراققا كەل.

ھەقىقەتنى ئېيتقاندا، كىشىلىك ھاياتتا تۈرلۈك-تۈرلۈك تۇرمۇش ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىمىز. ھەر خىل، ھەر ياڭزا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئۇچرايمىز. بۇ ھادىسىلەر مۇئەييەن بىر ۋاقىت يىل، ئاي، كۈن ھەتتا سائەتتە يۈز بېرىدۇ. ئادەمنىڭ كەيپىياتى بىر يىلنىڭ ھەر خىل مەۋسۇمىدە ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بىر كۈندىكى يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدىمۇ بەلگىلىك پەرقلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىراق، كۆپ ئادەملەر بۇ تەرەپلەرگە تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. «سائەتنامە» دە كۆرسىتىلگەن ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن ۋاقىتنىڭ باغلىنىشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن، بەزى كۆرسەتمىلەرنىڭ قانچىلىك ئىلمىي ئاساسى بارلىقى توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، ھەرگىزمۇ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شەرق ئەقىل-پاراسىتىنىڭ بۇ بىر ئەينىكىنى مەزكۇر كىتابقا قوشۇپ نەشر قىلدۇق. ئەپسۇسكى، بۇ كىچىك رىسالىنىڭ قولىيازما نۇسخىسى تازا ياخشى ساقلانمىغاچقا، باش قىسمىدىكى بەزى مەزمۇنلار سۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قىسقىراپ ماڭغان، ئاخىرقى قىسمى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوقالغان.

رىسالىدە ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە نەدە يېزىلغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدىمۇ قانائەتلىنەرلىك مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق. قانداقلا بولسۇن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئالەم قارىشى، ئاسترونومىيە چۈشەنچىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ياشاش ئۇسۇلى توغرىسىدا خېلى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدىغان ئىلمىي ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەنئەنىنى ئۇزۇپ قويماستىن، ھازىرقى زامانىۋى ئاسترونومىيە چۈشەنچىلىرى، ۋاقىت چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزلۇكسىز تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ۋە تېخىمۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا پايدىلىنىش ئۈچۈن تىرىشىش زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

...... ئەمدى سۆزىمىزنى نەس ئىشلار ھەققىدىكى بايانىمىزدىن باشلايمىز. نەس ئىشلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. 1. چوڭ نەسلىك (نەھس ئەكبەر)، 2. بىر قەدەر ئېغىر نەسلىك (نەھس ئەزىم)، 3. چوڭراق نەسلىك (نەھس ئەسغەر) تىن ئىبارەت.

چوڭ نەسلىك (نەھس ئەكبەر) ھەر ئايدا ئىككى كۈندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يىلدا يىگىرمە تۆت كۈن نەس كۈنلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويماسلىق كېرەك. شۇ كۈنلىرى تۇغۇلغان بالا زالىم، خۇنخور ۋە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئەنە شۇ نەس كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېسەلگە گىرىپتار بولسا، ئۇنىڭ كېسىلى ھەرگىز شىپا تاپماس. شۇڭا بۇ كۈنلەردىن ئېھتىيات قىلىش بەكمۇ زۆرۈردۇر». پېشكەللىك كېلىدىغان كۈنلەر (نەھس ئەكبەر) مۇنۇلاردۇر.

ئاشۇرا ئاينىڭ تۆرتى، ئونبىرى نەستۇر،
سەپەر ئاينىڭ بىرى، يىگىرمىسى نەستۇر.
رەبىيئەل ئەۋۋەل ئاينىڭ سەككىزى، يىگىرمىسى،
رەبىيئەلئاخىر ئاينىڭ بىرى، ئونبىرى نەستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جەمادىيەلئەۋۋەل ئاينىڭ ئونى ۋە ئونبىرى نەس،
جەمادىيەلئاخىر ئاينىڭ ئىككىسى تۆرتى نەستۇر.
دۇئا ئاينىڭ ئونبىرى، ئون ئۈچى نەستۇر،
بارات ئاينىڭ تۆرتى، ئالتىسى نەستۇر.

رەمەزان ئاينىڭ ئۈچى، سەككىزى نەستۇر،
ھېيت ئېيىنىڭ ئالتىسى، سەككىزى نەس.
ئارا ئاينىڭ ئىككىسى، ئۈچى نەستۇر،
قۇربان ئاينىڭ ئالتىسى، يىگىرمىسى نەس.

چوڭراق پېشكەللىك (نەھس ئەسغەر) مۇنۇ كۈنلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن:

ھەر ئايدا يەتتە كۈن نەستۇر ئەي مۇئمىن،
ھەزەر قىل بەلادىن بولاي دېسەڭ ئەمىن.
ئۈچى ۋە ئون ئۈچى، ئون ئالتە ھەم بەش،
يىگىرمە بىرى، يىگىرمە تۆرتى، يىگىرمە بەش.

بىر قەدەر ئېغىرراق پېشكەللىك (نەھس ئەزىم) ئايدا بىر كۈن بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا ھەزرىتى جىبرىئىل مۇنداق خەۋەر بەرگەن: «ئەي رەسۇلىللاھ، تەڭرىتائالا ‹ئەگەر دوستۇم ھەزرىتى ئەلىنى جەڭگە ماڭغۇزۇشنى نىيەت قىلسا ياخشى ۋە نەس كۈنلەرنى ئۇبدان مۇلاھىزە قىلسۇن. نەسنىمۇ مەن ياراتتىم› ». شۇڭا، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ئاشۇرا ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى، سەپەر ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، رەبىيەلئەۋۋەلنىڭ ئون تۆرتى، رەبىيەلئاخىرنىڭ يىگىرمىسى، جەمادىيەلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە سەككىزى، جەمادىيەلئاخىرنىڭ يىگىرمە ئىككىسى، دۇئا ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، بارات ئاينىڭ يىگىرمىسى، رەمەزاننىڭ ئون تۆرتىنچى كۈنى، ھېيت ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى، ئارا ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى، قۇربان ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنلىرى نەستۇر.

## كۈنلەر ھەققىدىكى بايان

ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى مۇبارەك بولۇر. تەڭرىتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان كۈندۇر. بۇ كۈنى ھاجەت تىلىمەك، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەك، سەپەرگە چىقىش، بىرەر ئىشنى باشلاش، نىكاھ قىلىش، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ياخشى. ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دۇنياغا كەلگەن (تۇغۇلغان) بالا دۆلەتمەن بولىدۇ.

ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ھەم مۇبارەك كۈندۇر. تەڭرىتائالا بۇ كۈنى ھەزرىتى ھەۋۋا (ھاۋا ئانا) نى ياراتتى. ئاينىڭ بۇ كۈنى نىكاھ قىلىش، تىجارەت قىلىش، قۇرۇلۇش باشلاش، ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچۈش، سەپەر قىلىش، دورا ئىچىش، چوڭلار ـ ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈش، كۆل ـ ئېرىق قېزىش، بىرەرسى بىلەن شېرىكلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. مۇشۇ كۈنى دۇنياغا كەلگەن بالا بەخت ـ سائادەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولىدۇ.

ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى نەستۇر. بۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋا بېھىشتىن قوغلانغان كۈندۇر. بۇ كۈنى ھېچقانداق بىر ئىش ئوڭغا تارتمايدۇ.

ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. بۇ كۈنـــى جەڭگە ئـــاتلىنىـــش، ســـەپـــەر قىـــلىـــش، دەۋا ـ دەستۇر قاتارلـــىق ئىشلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەمما، قان ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ، نەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ياخشى ئەمەس. چۈنكى، بۇ قابىل ھابىلنى[1] ئۆلتۈرگەن كۈندۇر. ھەر قانداق ئىشنى باشلىسا ئوڭۇشسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈنى تۇغۇلغان بالىمۇ ناھەق قان تۆككۈچى بولۇپ قالىدۇ.

ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. بۇ كۈنـــى سەپەر قىلـــىـــش، ئـــىـــمـــارەت قىلـــمـــاق، شىكار — ئوۋ ئوۋلاش، پادىشاھلارغا يېقىنلىشىش قاتارلىق ھەر قانداق ئىشنى باشلىسا ئوبداندۇر. لېكىن بۇ كۈنى تۇغۇلغان پەرزەنت زالىم ۋە قاتىل بولغاي.

ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. سودا ـ سېتىق، يېڭى كىيىم كىيىش ۋە يېڭى كىيىم كېسىش، ئەلچى ئەۋەتىش، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلار ئۈچۈن ياخشـــى كۈندۇر.

ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنىمۇ ھەممە ئىـــشلار ئۈچۈن مـــۇبـــارەك كـــۈنـــدۇر. ئـــەمـــا، ھىجامەت[2] قىلىش، قان ئالدۇرۇش، ئۆلۈغلارنىڭ ئالدىغا بېرىش قاتارلىق ئۈچ ئىشنى بۇ كۈنى قىلماسلىق كېرەك. ئېھتىـــيات قىـــلىـــنـــغاندا،

كېلىشمەسلىك (نەسلىك) يۈز بېرىدۇ. بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا ئىنتايىن بەختلىك بولغاي، بۇنىڭغا تەگرى گۇۋاھدۇر.

ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ئىشرەت (ئويۇن-تاماشا) قىلىش، خەت يېزىش، سەپەرگە چىقىش، قان ئالدۇرۇش ۋە ھىجامەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق كۈندۇر.

ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىمۇ مۇبارەك كۈندۇر. بۇ كۈنى نوھ ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان. شۇڭا، ھەممە ئىشلار ئۈچۈن ياخشى. سەپەرگە چىقىش، نىكاھ-ئەقدە قىلىش، دەرەخ تىكىش، كۆل-ئېرىقلارنى قېزىشقا ناھايىتى ئوبدان چاغ. ئەمما، ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا بېرىش ۋە قان ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ياخشى ئەمەستۇر.

ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى مۇبارەك كۈندۇر. كىتابەت (يېزىقچىلىق) قىلماق، ئۆگىنىشنى باشلاش، خەتنە قىلىش، دەرەخ تىكىش، سەپەرگە چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ كۈندە باشلىسا ياخشى. ھەر قانداق پەرزەنت مۇشۇ كۈنى دۇنياغا كەلسە، سائادەتمەن، بەختلىك بولغاي.

ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى ھەم مۇبارەكتۇر. بۇ كۈندە ھاجەت تىلىمەك، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈش، ئىشرەت-تاماشا قىلىش، سودا-سېتىق، دەۋا-دەستۇر قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ. بۇ كۈنى تۇغۇلغان بالا دانىشمەن بولغاي. ئەمما، قان ئالدۇرسا ياخشى ئەمەستۇر.

ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنتايىن نەستۇر (تەگرى گۇۋاھتۇر).

ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى بارلىق ئىشلارغا ياخشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمما قان ئالدۇرسا خەتەردۇر. بۇ كۈندە پەرزەنت تۇغۇلسا خۇش خۇي، خۇش پېئىل بولۇر.

ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ھەممە ئىشلار ئۈچۈن مۇبارەك كۈندۇر. لېكىن، قان ئالدۇرسا خەتەرلىك.

ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى نەستۇر. ھېچقانداق ئىشقا ياخشى ئەمەس.

ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئوتتۇرا ھال كۈندۇر. ئەمما، بەزى ئۆلىمالار نىڭ دېيىشىچە، ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كېچىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن بالا ساراڭ (دىۋانە) بولارمىش. ئەمما بۇ كۈندە قان ئالدۇرغان ياخشىدۇر.

ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. زىرائەت تېرىماق، سەپەرگە چىقىش، نىكاھ قىلىش، دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ھاجەت تىلىمەك، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلار ئۈچۈن مۇۋاپىق كۈندۇر.

ئاينىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى ئوتتۇراھال كۈن (بەزى، قىسمەن ئىشلارغا). قان ئالدۇرۇش، ئىلىم ئۆگىنىش، خەج-خىراجەت قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ياخشى.

ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. ھەممە ئىشلارغا. بۇ كۈنى ھاجەت تىلىسە، يەرگە ئۇرۇق سالسا، ئىمارەت قۇرۇلۇش قىلسا، قان ئالدۇرسا ياخشىدۇر. ئەمما، كېسەل بولۇپ قالسا خەتەرلىكتۇر. شۇڭا، سەدىقە بېرىش كېرەك. بۇ كۈندە دۇنياغا كۆز ئاچقان (تۇغۇلغان) ھەر قانداق بالا، پىتنىخور بولۇپ قالغۇسى (تەڭرى گۇۋاھتۇر).

ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى نەستۇر، بارلىق ئىشلارغا. بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا زالىم بولۇر. ئەگەر ئاغرىق بولسا

ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتەر.

ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنــى مۇبارەكتۇر. سەپەر قىلىش، ئەلچى ئەۋەتىش، ئىشرەت قىلىـــش (كۆڭــۈل ئېچىش)، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ياخشىدۇر. ئەگەر قان ئالدۇرسا تېزلىكتە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ياخشى كۈندۇر. قان ئالدۇرسا كېسىلى شىپا تاپقاي.

ئاينىڭ يىگىرمە تۆتى جەمئىي ئىشلارغا نەس كۈندۇر. ئەگەر كېسەل بولسا سەدىقە بېرىش كېرەك. بۇ نەمرۇد لەئىن تۇغۇلغان كۈندۇر. ئەگەر قان ئالدۇرسا كېسەل تېز شىپا تاپقاي.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ھەممە ئىشلار ئۈچۈن نەستۇر. پەرھىز قىلىش لازىم.

ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنىمۇ بارلىق ئىشلارغا نەس كۈندۇر. ھېچقانداق ئىشقا ياخشى ئەمەس.

ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ئىشرەت (ئويۇن ـ تاماشا) قىلىـــش، سەيلە قىلىش، سەپەرگە چىقىش، خەت ـ چەك ئەۋەتىش، ھىجامەت قىلىش، قان ئالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىـــگە ئوبداندۇر.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچــى كۈنىـــمۇ مۇبارەكتۇر. دېھقانچىلىق قىلىش، ئىلىــم ئۆگىنىـــشنــــى باشلاش، ئىمارەت ـ قۇرۇلۇشنى باشلاش، ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچۈش، قان ئالدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ياخشى.

ئاينىڭ يىگىــرمە توققۇزى ئوتتۇرا ھال كۈندۇر. بەزى

ئىشلارغا نەسلىك كېلىدۇ.

ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، سەپەر قىلىش، خەتنە قىلىش، دەرەخ تىكىش، قان ئېلىش ھەممىسى ئۈچۈن ياخشى كۈندۇر.

## سىتارە سەكرىنىڭ بايانى (سەكرى يۇلتۇزى ھەققىدە)

بىلىڭلاركى، تارازا يۇلتۇزى، زۆھەل ۋە مىررىخ يۇلتۇزلىرى ئون ئىككى كۈندە پەلەكنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ ھەم ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا، بېشىڭىزغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئادەم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، يەنى يا سەپەرگە چىقماقچى بولسا، يا ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، يا جەڭگە ئاتلانماق بولسا، ۋە ياكى ئوق ئېتىشقا ئوخشاش ھەر قانداق بىر ھاجەت ئۈچۈن تەييارلانغاندا يۈزىنى سىتارە سەكرى يۇلتۇزىغا قاراتمىسۇن. بولمىسا ھەممە ئىشلىرى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەكرى يۇلتۇزىغا كەينىنى قىلسا، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مۇجاھىد[3] ۋاقتىدىمۇ بۇنى ئويلىنىش كېرەك. بۇ قائىدىلەرنى ئويلانمىغاندا، تۇغۇلغان بالا زالىم، سۆرۈن تەلەت ۋە پاسىق بولىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى بىلىۋېلىشى ۋە تېگىشلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىشى لازىم.

سەكرى يۇلتۇزى ئاينىڭ بىرى، ئون بىرى، يىگىرمە بىرى شەرق تەرەپتە بولىدۇ.

ئاينىڭ ئىككىسى، ئون ئىككىسى، يىگىرمە ئىككىسى شەرق بىلەن جەنۇبنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ ئۈچى، ئون ئۈچى، يىگىرمە ئۈچى جەنۇبتا بولىدۇ.

ئاينىڭ تۆتى، ئون تۆتى، يىگىرمە تۆتىنچى كۈنلىرى جەنۇب بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ بەشى، ئون بەشى، يىگىرمە بەشىنچى كۈنلىرى غەرب تەرەپتە بولىدۇ.

ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى، ئون ئالتىنچى ۋە يىگىرمە ئالتىنچى كۈنلىرى غەرب بىلەن شىمال ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ يەتتىنچى، ئون يەتتىنچى ۋە يىگىرمە يەتتىنچى كۈنلىرى شىمالدا بولىدۇ.

ئاينىڭ سەككىزىنچى، ئون سەككىزىنچى ۋە يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنلىرى شىمال بىلەن شەرق ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ توققۇزىنچى، ئون توققۇزىنچى ۋە يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنلىرى يەردە بولىدۇ.

ئاينىڭ ئونىنچى، يىگىرمىنچى ۋە ئوتتۇزىنچى كۈنلىرى بۇ يۇلتۇز ئاسماندا بولىدۇ (بۇ ئىشلارغا تەڭرى گۇۋاھتۇر).

## كېچە-كۈندۈز ۋە سائەتلەرنىڭ باياني

1. ھەمەلدە، كۈن ئون ئىككى سائەت، تۈنمۇ ئون ئىككى سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى تۆت يېرىم قەدەمدۇر.

2. سۇردا، كۈن ئون ئۈچ سائەت، تۈن ئون بىر سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەمدۇر.

3. جۇزادا، كۈن ئون تۆت سائەت، تۈن ئون سائەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.

4. سەراتاندا، كۈن ئون بەش سائەت، تۈن توققۇز سائەت، سايە ئەسلى بىر يېرىم قەدەم بولىدۇ.

5. ئەسەددە، كۈن ئون تۆت سائەت، تۈن ئون سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.

6. سۈنبۈلەدە، كۈن ئون ئۈچ سائەت، تۈن ئون بىر سائەت، سايە ئەسلى ئۈچ يېرىم قەدەم بولىدۇ.

7. مىزاندا، كۈن ئون ئىككى سائەت، تۈن ھەم ئون ئىككى سائەتتۇر. سايە ئەسلى تۆرت يېرىم قەدەم بولىدۇ.

8. ئەقرەبدە، كۈن ئون بىر سائەت، تۈن ئون ئۈچ سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.

9. قەۋستە، كۈن ئون سائەت، تۈن ئون تۆت سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى توققۇز يېرىم قەدەم.

10. جەدىيدە، كۈن توققۇز سائەت، تۈن ئون بەش سائەتتۇر. سايە ئەسلى ئون يېرىم قەدەم.

11. دەلۋىدە، كۈن ئون سائەت، تۈن ئون تۆرت سائەت، سايە ئەسلى سەككىز يېرىم قەدەم بولىدۇ.

12. ھۇتتا، كۈن ئون بىر سائەت، تۈن ئون ئۈچ سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.

ھەمەل، سۈر ئايلىرى ئوتتۇز بىر كۈندىن؛ جۇزا ئېيى ئوتتۇز ئىككى كۈن، سەراتان، ئەسەد، سۈنبۈلە ئايلىرى ئوتتۇز بىر كۈندىن؛ مىزان، ئەقرەب ئايلىرى ئوتتۇز كۈندىن؛ قەۋس، جەددى ئايلىرى يىگىرمە توققۇز كۈندىن؛ دەلۋە، ھوت ئايلىرى ئوتتۇز كۈندىن بولىدۇ.

# ناماز پېشىنىنىڭ قازا بولىدىغان ۋاقىتلىرى

ھەمەلدە ئون سەككىز يېرىم قەدەم، سۇردا ئون يەتتە يېرىم قەدەم. جوزادا ئون بەش يېرىم قەدەم. سەرتاندا ئون ئالتە يېرىم قەدەم. مىزاندا يىگىرمە بىر يېرىم قەدەم. ئەقرەبتە يىگىرمە ئۈچ يېرىم قەدەم. قەۋستە يىگىرمە تۆت يېرىم قەدەم. جەددىدە يىگىرمە تۆرت يېرىم قەدەم. دەلۋىدە يىگىرمە ئىككى يېرىم قەدەم. ھۇتتا يىگىرمە بىر يېرىم قەدەم بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن كېيىنلا، يەنى ھېچقانداق ۋاقىت ئۆتمەيلا ناماز پېشىنىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ بولىدۇ ۋە نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى بولىدۇ.

## سائەت، كۈن ۋە ھەپتىلەر توغرىسىدا

يەكشەنبە، ئىش باشلايدىغان، چوڭلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان، بەخت-سائادەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت كۈندۇر. يۇلتۇزى شەمستۇر (كۈندۇر).

دۈشەنبە، سەپەرگە چىقىش، ئىش باشلاش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، بەخت-دۆلەت ۋە ھوسۇل-پاراغەت كۈندۇر. يۇلتۇزى قەمەر (ئاي) دۇر.

سەيشەنبە كۈنى قان ئالدۇرىدىغان، ھىجامەت قىلىدىغان، بەزىدە ئاداۋەت ۋە ھەيۋەت (ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان) كۈندۇر. يۇلتۇزى مىررىختۇر.

چارشەنبە، دورا ئىچىپ داۋالىنىدىغان، ۋەسۋەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىياللارنى يوق قىلىدىغان، يامان ئوي -پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، پەم -پاراسەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان، يېزىقچىلىقنى باشلايدىغان ۋە بىرەر ئىش تەدبىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدىغان كۈندۇر. يۇلتۇزى ئەتارۇدتۇر.

پەيشەنبە، دۇئا ۋە مۇناجات قىلىدىغان، تەڭرىدىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدىغان، زىكرى -تائەت قىلىپ، مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىدىغان، مۇراد -نىشانلىرى ئۇچۇن ئىلتىجا قىلىدىغان كۇندۇر. يۇلتۇزى مۇشتەرىدۇر.

جۈمە كۈنى نىكاھ ۋە ئاياللار سۆھبىتى، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت، شۇنداقلا شادىمان بولىدىغان كۈن بولۇپ، يۇلتۇزى زۆھرەدۇر.

شەنبە كۈنى شىكار قىلىدىغان، سەھرالارنى ساياھەت قىلىپ، كۆكتۇل ئاچىدىغان، جاھاننىڭ راھەتلىرىدىن بەھرىلىنىدىغان كۇندۇر. بۇ كۈنى ئېرىق، كۆل، قۇدۇقلارنى كولاش، مازارى مەشايىخلەر بىلەن كۆرۈشكەن ياخشىدۇر. يۇلتۇزى زۇھەلدۇر.

## ھەپتىنىڭ ھەربىر كۇنلىرى

يەكشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىنلاشقان ۋاقىتتىن باشلاپ ناماز پېشىنغىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار. قالغان ۋاقىتلاردا ياخشىدۇر.

دۈشەنبە كۈنى ناماز دىگەردىن نامازشامغىچە بولغان ئارىلىق نەستۇر. قالغىنى ياخشى ۋاقىتلاردۇر.

سەيشەنبە كۈنى ناشتا ۋاقتىدىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىق

نەس، قالغىنى ياخشى.
چارشەنبە كۈنى ناماز دىگەر ئاخىرلىشاي دېگەندىن باشلاپ، كۈن ئولتۇرغۇچە بولغان ۋاقىتتا نەسلىك بار. باشقا ۋاقىتلار ياخشى.
پەيشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدىن تارتىپ ناماز پېشىن باشلانغىچە بولغان ئارىلىق نەس، قالغان ۋاقىتلار ياخشى.
جۈمە كۈنى ناشتا باشلانغاندىن ئاخىرلاشقىچە بولغان ۋاقىت نەس چاغدۇر، قالغان ۋاقىتلار ھەممىسى ياخشى.
شەنبە كۈنى ناماز پېشىندىن ناماز دىگەرگىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار، باشقا چاغلار ياخشى.

## ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنلىرىدىكى يۇلتۇزلار توغرىسىدا

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن شەمس، چاشتگاھ ④ ۋاقتىدا زۆھرە، چۈشتە ئەتارۇد، ناماز پېشىندە قەمەر، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدىكى چاغدا زۆھەل، ناماز دىگەردە مۇشتەرى، نامازشامدا مىررىخ يۇلتۇزىدۇر.
دۈشەنبە كۈنى سەھەردە قەمەر، چاشتگاھتا زۆھەل، چۈشتە مۇشتەرى، پېشىندە مىررىخ، ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا شەمس، ناماز دىگەردە زۆھرە، نامازشامدا ئەتارۇد يۇلتۇزى بولىدۇ.
سەيشەنبە كۈنى سەھەردە مىررىخ، چاشتگاھ شەمس، چۈش ۋاقتىدا زۆھرە، پېشىندە ئەتارۇد، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىسىدا قەمەر، نامازدىگەردە زۆھەل، نامازشامدا مۇشتەرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چارشەنبە كۈنى ئەتىگەن ئەتارۇد، چاشتگاھتا قەمەر، چۈش ۋاقتىدا زۆھەل، پېشىندە مۇشتەرى، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا مىررىخ، ناماز دىگەردە شەمس، نامازشامدا زۆھرە يۇلتۇزى.

پەيشەنبە كۈنى سەھەردە مۇشتەرى، چاشتگاھ مىررىخ، چۈشتە شەمس، پېشىندە زۆھرە، ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا ئەتارۇد، ناماز دىگەردە قەمەر، نامازشامدا زۆھەل يۇلتۇزىدۇر.

جۈمە كۈنى سەھەردە زۆھرە، چاشتگاھ ئەتارۇد، چۈش ۋاقتىدا قەمەر، پېشىندە زۆھەل، ئىككى ناماز ئارىلىقىدا مۇشتەرى، ناماز دىگەردە مىررىخ، ناماز شامدا شەمس يۇلتۇزى.

شەنبە كۈنى ئەتىگەندە زۆھەل، چاشتگاھتا مۇشتەرى، چۈشتە مىررىخ، نامازپېشىن ۋاقتىدا شەمس، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا زۆھرە، نامازدىگەردە ئەتارۇد، نامازشامدا قەمەر يۇلتۇزلىرى بولىدۇ.

## كېچىدىكى ۋاقىتلار توغرىسىدا

شەنبە كېچىسى، دەسلەپ مىررىخ، ناماز خۇپتەندە شەمس، تۈن يېرىمىدا زۆھرە، ئاۋۋالقى توخۇ چىللىغان ۋاقىت ئەتارۇد، كېيىنكى توخۇ قەمەر، سۇبھى كازىب⑤ ۋاقتىدا زۆھەل، سۇبھى سادىقتا⑥ مۇشتەرى.

يەكشەنبە كېچىسى، ئاۋۋالقى ۋاقىت ئەتارۇد، ناماز خۇپتەندە قەمەر، تۈن يېرىمىدا زۆھەل، باش توخۇ ۋاقتىدا مۇشتەرى، ئىككىنچى توخۇ مىررىخ، سۇبھى كازىب شەمس، سۇبھى سادىق زۆھرە.

دۈشەنبە كېچىسى، ئاۋۋال مۇشتەرى، خۇپتەن ۋاقتىدا مىررىخ، تۈن يېرىمىدا شەمس، باش توخۇدا زۆھرە، ئىككىنچى توخۇدا ئەتارۇد، سۈبھى كازىب قەمەر، سۈبھى سادىقتا زۆھەل يۇلتۇزى بولىدۇ.

سەيشەنبە كېچىسى، دەسلەپتە زۆھرە، ناماز خۇپتەندە ئەتارۇد، تۈن يېرىمىدا قەمەر، باش توخۇ زۆھەل، ئىككىنچى توخۇ مۇشتەرى، سۈبھى كازىب مىررىخ، سۈبھى سادىقتا شەمستۇر.

چارشەنبە كېچىسى، دەسلەپ زۆھەل، خۇپتەندە مۇشتەرى، تۈن يېرىمىدا مىررىخ، باش توخۇ شەمس، ئىككىنچى توخۇ زۆھرە، سۈبھى كازىب ئەتارۇد، سۈبھى سادىق قەمەردۇر.

پەيشەنبە كېچىسى، دەسلەپ شەمس، خۇپتەندە زۆھرە، تۈن يېرىمىدا ئەتارۇد، باش توخۇ قەمەر، ئىككىنچى توخۇدا زۆھەل، سۈبھى كازىب مۇشتەرى، سۈبھى سادىق مىررىخ يۇلتۇزىدۇر.

جۈمە كېچىسى، ئەۋۋەل قەمەر، ناماز خۇپتەندە زۆھەل، تۈن يېرىمىدا مۇشتەرى، باش توخۇ چىلللىغاندا مىررىخ، ئىككىنچى توخۇدا شەمس، سۈبھى كازىبتا زۆھرە، سۈبھى سادىقتا ئەتارۇد يۇلتۇزلىرىدۇر.

زۇھەل يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن ۋاقىت ئەڭ ياخشى چاغدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئېرىق قېزىش، زىرائەت تېرىش، قۇل سېتىۋېلىش، يېڭى كىيىم كىيىش، دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە كۆزىنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ياخشى. بۇ ۋاقىتتا تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

مۇشتەرى يۇلتۇزىغا توغرا كەلسىمۇ ناھايىتى ياخشى. دەۋا-دەستۇر، قازىلارنىڭ ئالدىغا (سوتقا) بېرىش، ھاجەت تىلىمەك،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېڭى كىيىم كىيىش، ئەقد ـ نىكاھ ۋە يىغىلىشقا ئوخشاش مەرىكىلەرنى قىلىش، ئىش باشلاش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ چاغدا قىلغان ياخشى. مۇشۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن، ئەقىللىق، بەختلىك ۋە ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

مىررىخ يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتىمۇ ياخشىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغلار (چوڭلار) نى كۆرمەك، ھەربىي قورال ـ ياراغ ياساش، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياساش، قان ئالدۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئاتلىنىش كېرەك. بۇ چاغدا تۇغۇلغان بالا غەزىپى تېشىپ تۇرىدىغان زالىم، هارامخور ۋە جاللات بولۇر (بۇ ئىشلارغا تەڭرىتائالا گۇۋاھتۇر).

شەمس يۇلتۇزىنىڭ سائىتىگە توغرا كەلگەن ئىشلار ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، پادىشاھلارنى كۆرۈش، يېڭى كىيىم كىيىش، سودا ـ سېتىق، كېسەل داۋالىتىش، قول سېتىۋېلىش، قان ئالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ياخشى. بۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن ۋە ئۆمرى ئۇزۇن، بەختلىك بولغاي.

زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتىمۇ ياخشى. ئاياللار ۋە ناخشا ـ مۇزىكىچىلار بىلەن ئولتۇرۇش، نىكاھلىنىش، يېڭى كىيىم كىيىش، سودا ـ سېتىق، كېسەل داۋالىتىش، قول سېتىۋېلىش، يەرلىك ئۇسۇلدا قان ئالدۇرۇش (ھىجامەت)، ئۆز ئايالى بىلەن خىلۋەتتە بولۇش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ ۋاقىتتا قىلسا ياخشىدۇر. بۇ چاغدا، تۇغۇلغان بالا ھەقىقىي دوست تاپالايدۇ ۋە خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ.

ئەتارۇد يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ياخشىدۇر. بۇ چاغدا

قۇرئان ئوقۇش، خەت يېزىش، بالىنى مەكتەپكە بېرىش، ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىقلارنى بېجىرىش كېرەك. مۇشۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن بولۇر.

قەمەر يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن ۋاقىت مۇبارەكتۇر. پادىشاھ ۋە ھاكىملار بىلەن كۆرۈشۈش، سەپەرگە چىقىش، ئىبرەتلىك سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەش، زىرائەت تېرىش، قۇرۇلۇش قىلىش، يېڭى كىيىم كىيىشكە ئوخشاش ئىشلارنى مۇشۇ چاغدا قىلسا ياخشى. بۇ ۋاقىتتا، دۇنياغا كەلگەن بالا چىرايلىق ۋە ئەقىللىق بولۇر.

## يېڭى چىققان ئايغا قاراش ھەققىدە

ئاشۇرا ئاينى كۆرگەندە ئالتۇنغا قاراش كېرەك. سەپەر ئاينى كۆرسە ئەينەككە قاراش، رەبىيەلئەۋۋەل ئاينى كۆرسە ئېقىن سۇغا قاراش، رەبىيەلئاخىر ئاينى كۆرگەندە قويغا قاراش كېرەك. جەمادىيەلئەۋۋەل ئاينى كۆرگەندە كۈمۈشكە قاراش، جەمادىيەلئاخىر ئاينى كۆرسە پىرلارغا (ياشانغانلارغا) قاراش كېرەك. دۇئا ئاينى كۆرگەندە قۇرئانغا قاراش كېرەك. بارات ئاينى كۆرگەندە يېشىل نەرسىگە قاراش، رەمەزان ئېيىنى كۆرگەندە تىغقا قاراش، ھېيت ئاينى كۆرسە ئەھلىگە[7] قاراش كېرەك. ئارا ئاينى كۆرگەندە كىچىك بالىغا قاراش، قۇربان ئاينى كۆرسە ياش ئاياللارغا قاراش كېرەك.

كۈنلەردە.........

.........[8] قىلىشقا يەكشەنبە ئوبداندۇر. ئوۋ ئوۋلاشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەنبە كۈنى ياخشى، دۈشەنبە كۈنى سەپەرگە چىققان ياخشى. شەيشەنبە كۈن قان ئالدۇرسا ياخشى. پادىشاھ (ھۆكۈمدار) لارنىڭ ئالدىغا پەيشەنبە كۈنى بارغان ياخشى. جۈمە كۈنى نىكاھ قىلسا ياخشىدۇر.

## سەپەرگە چىقىش توغرىسىدا

سەپەرنىڭ قائىدىلىرى خېلــى نۇرغۇن. ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئويلىشىپ، ئاندىن يولغا چىقىش لازىم.
يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، دۈشەنبە كۈنى ناماز پېشىندە، سەيشەنبە كۈنىمۇ ناماز پىشىندە، سەپەرگە چىقىش كېرەك. چارشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە، جۈمە كۈنى ناشتىدىن كېيىن، شەنبە كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا سەپەرگە چىقىش كېرەك.
سەپەر ھەققىدە نەزمە:

چىقماغىل مەشرىق سارى ئەي ھوشيار،
شەنبە، دۈشەنبە كۈنى سەن زىنھار.
قىلماغىل مەغرىب سارى بولسا سەفەر،
ئاڭلا، يەكشەنبە يەنە جۈمئە خەتەر.
يۈكلەمە رەختىڭ جەنۇبغە ئەي جەۋان،
گەر بۈگۈن پەنجشەنبەدۇر، بولغاي زىيان.
قىلسە ھەركىم گەر شىمال سارى گۈزەر،
بولسا سېھشەنبە، چەھارشەنبە زەرەر.

## سەپەرنىڭ قائىدىلىرى

كىمىكى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇسۇن. ھەربىر رەكەتتە بىر قېتىم سۇرە پاتىھە ۋە بىر قېتىم ئىخلاسنى ئوقۇسۇن ۋە سالامدىن كېيىن دۇئا قىلسۇن. تاكى ئۇ ئادەم سەپەردىن يېنىپ كەلگۈچە تەڭرىتائالا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى، مال -مۈلكىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بالا -قازادىن ساقلايدۇ. بالا -چاقىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولسا، پەيشەنبە كۈنى يولغا چىقاتتى. ئۇ دائىم «ئەي ئەلى، سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى سۇرە ئىخلاسنى ئون بەش قېتىم ئوقۇسا، تەڭرىتائالا ئۇ ئادەمنى سەپەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلاپ، ياخشىلىقلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلۇر» دەيتتى.

يەنە سەپەرنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى، ئەگەر بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ئامانىتى بار بولسا، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. ھەرگىز ھەمراھسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقماسلىق، ئامال بار ياخشى، ئالىم كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلىش لازىم. جادۇگەر ياكى پالچىلار بىلەن ھەمراھ بولماسلىق كېرەك. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئات -ئۇلاغلارغا ھەلەپ بېرىش، ئاندىن كېيىن ئۆزى غىزالىنىش كېرەك. شۇ چاغدىلا تەڭرىتائا ئۇ ئادەمدىن رازى بولىدۇ.

ئامال بار ئاخشىمى يول يۈرمەسلىك كېرەك، دىۋە -پەرىلەردىن خېيىمخەتەر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېچىدە يول ماڭماقچى بولسا، تۈن نىسپىدىن كېيىن مېڭىش كېرەك. ئۆيگە قايتقان چاغدا ئۆزىنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىش كېرەك. خەۋەر قىلماي تۇرۇپ ئۆيگە كىرمەسلىك كېرەك. سەپەردىكى ئادەم «ئايەتەلكۇرسى» نى ئوقۇسا، ئوغرى -قاراقچىلاردىن ساقلىنىدۇ. ئەگەر سەپەر ئۈستىدە ئۇسساپ كەتسە، «ئىننا ئەئتەينا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ بىر تال تاشقا ھۈرۈپ، ئاندىن تاشنى ئاغزىغا سالسا، تەشنالىقى پەسىيىدۇ. ئەگەر يولۇچى يولدىن ئېزىپ قالسا، ئەزان توۋلىشى لازىم. ئەزاننىڭ ھۆرمىتىدىن يولنى تېپىۋالىدۇ. مۇساپىر بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان بولسا «سۈرە ياسىن» نى بىر قېتىم ئوقۇسا، يىتكەن نەرسىسى تېپىلىدۇ، ئىنشائاللاھ.

## كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدا

ئاشۇرا (ئايدا كۈن تۇتۇلسا مولچىلىق بولىدۇ. قار -يامغۇر كۆپ ياغىدۇ ۋە ئاشلىق -زىرائەتلەر مول -ھوسۇل بېرىدۇ.

سەپەر ئايدا كۈن تۇتۇلسا پۇقرالارنىڭ ئارىسىدا ئۆلۈم -يىتىم كۆپ بولىدۇ. پادىشاھقا كېسەل تېگىدۇ، سەدىقە بېرىش لازىم. كۆز ئاغرىقىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەمما، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى كۆپ بولىدۇ.

رەبىيۇلئەۋۋەل ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئات -ئۇلاغلار كۆپ بولىدۇ. جەڭ -جېدەل، قانخورلۇق كۆپىيىدۇ. تۇيۇقسىز ئۆلۈملەر تولا بولىدۇ.

رەببىيەلئاخىر ئايدا كۈن تۇتۇلغانلىقى، پادىشاھلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نىشانىسىدۇر. دەرۋىشلەرنىڭ كۈنى ئوبدان ئۆتىدۇ. سەۋدايىلارغا تېخىمۇ ياخشى بولۇر.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئالدى بىلەن ئات ـ ئۇلاغلار قىرىلىپ كېتىدۇ. ئاندىن غەربىي يۇرتلاردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يېتىم تولا بولىدۇ.

جەمادىيەلئاخىر ئايدا كۈن تۇتۇلسا، غەربىي يۇرتلاردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق يۈزلىنىدۇ. لېكىن، شەرقىي يۇرتلاردا قەھەتچىلىك بولۇپ، ئۆلۈم كۆپ بولىدۇ.

دۇئا ئايدا كۈن تۇتۇلسا، خەلق ئارىسىدا خۇشاللىق كۆپىيىدۇ. لېكىن ئۇ يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، جەڭ ـ غەلۋىلەر تولا بولىدۇ.

بارات ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئۇ يىلى قار ـ يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، كىشىلەر يېمەكلىكتىن قىسىلىدۇ.

رامزاندا كۈن تۇتۇلسا غازىلار (جەڭچىلەر) غا غەلىبە ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ھىندىستان پادىشاھلىرى ئارىسىدا قانخورلۇق پەيدا بولىدۇ.

ھېيت ئايدا كۈن تۇتۇلسا ياخشىلىق يوقتۇر. ئىراق ۋە رۇملاردا دۈشمەن پەيدا بولۇر.

ئارا ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئاشلىق ـ زىرائەتلەرگە چېكەتكە ئاپىتى تېگىدۇ. يامغۇر ۋاقىتسىز تولا ياغىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت كۆپىيىدۇ. خەير ـ ساخاۋەت قىلىش كېرەك.

قۇربان ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئارا ئايدىكى ئىشلارغا ئوخشاش ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدا

ئەگەر ئاشۇرا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پادىشاھلارغا ئۆلۈم كېلىدۇ.

سەپەر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خەلقلەرگە جەبىر ـ زۇلۇم كۆپ بولىدۇ.

رەببىيەلئەۋۋەل ئايدا ئاي تۇتۇلسا قەھەتچىلىك بولىدۇ.

رەببىيەلئاخىر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ھۆل ـ يېغىن تولا بولۇپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ.

جەمادىيەلئەۋۋەلدە ئاي تۇتۇلسا، پۇقرالار ئارىسىدا خۇشاللىق كۆپىيىدۇ. يىلنىڭ ئاخىرى ياخشى بولىدۇ.

جەمادىيەلئاخىر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خۇشاللىق تولا بولىدۇ.

دۇئا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خەلق بىر ـ بىرى بىلەن جەڭ قىلۇر. نېمەتلەردىن بىغەم بولۇر.

بارات ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پادىشاھلار ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشىدۇ. ئەمما، دەرۋىشلەرنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشى بولىدۇ.

رامزان ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. بەزى جايلاردا پىتنە ـ پاسات تولا بولىدۇ.

ھېيت ئايدا ئاي تۇتۇلسا، شۇ يىلى پادىشاھ جەڭگە قاتنىشىدۇ، ئەمما ئاخىر چېكىنىپ قاچىدۇ.

ئارا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، يوللاردا خەتەر يۈز بېرىدۇ، تولا يۇرتلارغا ئاپەت تېگىدۇ.

# يەر تەۋرەش توغرىسىدا

ئاشۇرا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ۋەيرانلىق ۋە پەرىشانلىق يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، يۇرت خەلقى قوزغىلىدۇ.

سەپەر ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلققە قاتتىق خاپىلىق كېلىدۇ، هايۋاناتلار قىممەت بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، جانىۋارلارغا ئاپەت يېتىدۇ، خەلققە راھەتچىلىك يۈزلىنىدۇ. لېكىن، ئاخىرى خەلققە ئۆلۈم ئاپىتى كېلىدۇ.

رەبىيەلئەۋۋەل ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ھىندىستان يۇرتىدا جەبىر-زۇلۇم كۆپىيىدۇ. كىشىلەر قورقۇنچ ئىچىدە ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، قار-يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. غەربىي يۇرتلاردا جەڭ بولۇپ، قان تۆكۈلىدۇ.

رەبىيەلئاخىر ئايدا كۈندۈز يەر تەۋرىسە، ھايۋاناتلارغا ئۆلۈم كىرگەي. مالنىڭ گۆشىنى يېگەنلەرگە كېسەل تېگىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى بۇلاقلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، خۇشاللىق كۆپ بولىدۇ.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلق ئىچىدە تۈيۈقسىز يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم تولا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسەپادىشاھلار ماتەمدار بولىدۇ، باغ-ۋارانلارغا ئاپەت تېگىپ، مېۋىلەرنى قۇرت يەيدۇ.

جەمادىيەلئاخىر ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى مال-ۋاران ئازىيىدۇ، ئوۋچىلىق ئىشلىرى كەملەيدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، كېسەللىك ئازلايدۇ. ئەمما، ئاشلىق قىممەت بولىدۇ. خەلقلەردە ئۆلۈم قورقۇنچى پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇئا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلققە ئاپەت يېتىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، جەڭ-جېدەل تولا بولۇپ، نۇرغۇن خەلق ھالاك بولىدۇ. ھايۋاناتلارغىمۇ نۇقسان يېتىدۇ.

بەرائەت ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، بەگلەر ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ، ئىككى ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئوغۇل بالىلارغا قازا يېتىدۇ.

رامزاندا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ئۆلۈم قورقۇنچى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى قارىمۇقارشىلىق ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ، پۇقرالار قىيىنچىلىقتا قالىدۇ.

ھېيت ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، شۇ يىل ئىككى پادشاھ ئۆز -ئارا جەڭ قىلىدۇ.

ئارا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پىتنە-پاسات پەيدا بولىدۇ. كارۋانلارغا ئۆلۈم ئاپىتى يېتىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، خەلققە قاتتىق رەنج -ئاپەت يېتىدۇ.

قۇربان ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، سۇلار ئازىيىدۇ، ياشلار ئارىسىدا ئۆلۈم-يېتىم تولا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى يۇرتتا ۋەيرانچىلىق بولىدۇ. لېكىن، سۇ، ئاشلىق، بۇغداي ھوسۇل بېرىدۇ.

## يەر تەۋرىگەن كۈنلەر توغرىسىدا

جۇمە كۈنى يەر تەۋرىسە، پادشاھلارغا، ئايالالارغا كېسەل تېگىدۇ.

شەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، تۇرك ۋە يەھۇدىي خەلقلىرىگە

نوقسان يېتىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، يېمەك ـ ئىچمەك كەمچىلىكى بولىدۇ، ئەمما كېسەل تولا بولىدۇ.

دۈشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە ئۇششاق ـ چۈششەك ئاغرىقلار تولا بولىدۇ، تۇيۇقسىز ئۆلۈم ئىشلىرى كۆپىيىدۇ.

سەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ.

چارشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، ئويلىمىغان چاغلاردا ۋاقىتسىز بوران چىقىش ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ.

پەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، ئۇلۇغلار، چوڭلار ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يېتىم بولىدۇ.

## دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى

ئەگەر بىر كىشى «مېنىڭ پالانى ھاجىتىم ئوڭۇشلۇق بولامدۇ؟ يوق» دېگەن خىيالدا، شۇنى بىلىپ باقماقچى بولسا، شۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قولىغا بىر سىقىم پۇرچاق ياكى نوقۇتنى ئالسۇن. ئاندىن ئۇنى ......⑨ قىلسۇن. ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدا بىر تال قالسا، ھاجىتىگە يېتىدۇ. ئەگەر ئىككى تال قالسا، ئارزۇ قىلمىسۇن، ئىشى ئەمەلگە ئاشماس. ئەگەر ئۈچ تال پۇرچاق قالسا، بەلكى ئۇ ئىشتىن زىيان يېتەر. ئەگەر تۆت تال قالسا، ناھايىتى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن كېيىن ھاجىتىگە يېتىدۇ. ئەگەر بەش تال پۇرچاق قالسا پات ئارىدا مۇرادىغا يېتەر. ئالتە تال پۇرچاق قالسا كېچىكمەي پاتلا مۇرادىغا يېتەر. يەتتە تال قالسا ھەرگىزمۇ تىلىكىگە يېتەلمەس (تەكرارلانغان ئالا گۇۋاھتۇر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قۇلاق قىچىشقانلىقنىڭ بايانى

ئەگەر شەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، بىر خەۋەر ئاڭلايدۇ.
يەكشەنبە قۇلاق قىچىشسا، پادىشاھ غالىب بولىدۇ.
دۈشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، سەپەرگە چىقىدۇ.
سەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، دەرھال پايدا كۆرىدۇ.
چارشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، ياخشىلىق كۆرىدۇ.
پەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، پادىشاھلاردىن ئىنئام ئالىدۇ.
جۈمە كۈنى قۇلاق قىچىشسا، ئۆيىگە مېھمان كېلىدۇ.

## ئۆي كۆچمەكنىڭ بايانى

ئۆيدىن ئۆيگە كۆچەرگە يەكشەنبە،
ياخشى ئېرمەسكىم ئەيلەدىم تەنبە[10].
ئەي بەرادەر، بۇ كۈنى ئەيلە ھەزەر،
ۋەرنە مالىڭغە بولغۇسىدۇر زەرەر.
بەلكى دۈشەنبە كۆچەرنىڭ ئەھكامى،
كىم كۆچەر ئۆكسۈگەي ئانىڭ مالى.
سېھشەنبە ئېرۇر بىغايەت خوب،
پادىشاھلاردىن كۆرۇر ئىنايەت كۆپ.
چەھارشەنبە كۆچسە مىرادى ھاسىلدۇر،

كۆچكۈچىنىڭ غايىبى ھازىردۇر.
پەنجىشەنبە كۆچەردىن ئەيلە ھەزەر،
ۋەرنە مالىڭ بولغۇسىدۇر خەتەر.
خوب ئىمەسدۇر كۆچەرگە ئازىنە،
چۈنكى تۇغقان ئارا چۇشەر گىنە.
نەقىل شەنبە قەچان يەمان ئولغاي،
مېھمان ئۆزرە......مېھمان ئولغاي.

## ئىگىن كەسمەكنىڭ بايانى

كىشىكىم كەسسە ئىگىن رەۋزە شەنبە،
بولۇر بىچارە، ئۇفراغۇنچە تەندە.
ئەگەر يەكشەنبە كەسسە بىناگاھ،
قالۇر غەمگە، ياراشماس بولسۇن ئاگاھ.
كى دۇشەنبە مۇبارەك، كەسسە ئىگىن،
كى خۇشھال بولغاي، بولماس غەمكىن.
ئەگەر سېھشەنبە كەسسە سەرۋۇپاي،
كى ئوغرى ئالغاي، ياكى سۇغا ئاققاي.
ئەگەر چەھارشەنبە كەسسە، بىسىيار
تەۋانگەر[11] بولغۇسەن، يەنە كىردار[12].
بولۇر ئالىم، ئىگىن پەنجىشەنبە كەسسە،
بولۇر ئىلمى زىيادە، بۇنى بىلسە.
ئەگەر ئازىنەدە كەسسە ئىگىن خۇب،
بولۇر ئۆمرى ئۇزۇن، دەۋلەتى كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىگىن كىيمەكنىڭ بايانى

كىيمە شەنبە يېڭى ئىگىن زىنھار،
كىيسەڭ ئەلۋەتتە بولغايسەن بىمار.
كىيسە يەكشەنبە خۇبدۇر يېڭى ئىگىن،
مۇنى بىلگىل پات ئۇفراغاي لېكىن.
جامە دۇشەنبە كىيگەن ئول بىباك،
ماتەم ئولغاي يەقاسىن ئەتكەي چاك.
كىمكى سېھشەنبە جامە كىيەر،
بولسەگەر سۇ ئىچرە، ئوتغە كۆيەر.
چەھارشەنبە كىيەرغە راغىب بول،
ئىگىن ئۇستۇن ئىگىنگە تالىب بول.
پەنجشەنبە كىيىڭكى دىيبا[13] دۇر،
فەرزەندىڭىزغە بۇ مىسلى زىيبادۇر.
جۇمئەدە سۈننەت ئولدى نەۋئى جامە،
...... خاھى تەقىي[14]، خاھى ئىمامە[15].

## ئىگىن يۇيماقنىڭ بايانى

......[16] يۇيسە ئازىنە كۈنى،
ياخشىلىق كۆرگەي تۈنۇ كۈنى.
شەنبە ئىگىن يۇيماقنى خۇب دېمە،
غەم بىرلە قايغۇنى بىھەد يېمە.
يۇما يەكشەنبە ئىگىندىن كىر،
ئەر ـ خاتۇن ئولغاي ئەجەب دىلكىر.

يەنە دۈشەنبە ئىگىن يۆيماڭ زىنھار،
يۆيساڭ ئەلۋەتتە بولغايسەن بىمار.
سېھشەنبە يۆيسا داۋا بولغاي،
بىسەبەپ ھاجەتى رەۋا بولغاي.
چەھارشەنبە كۆنى ئىگىن يۆيدى،
ساتسا ئەلبەتتە كۆرەر سۈدى.
پەنجشەنبە ئىگىن يۆيماڭ زىنھار،
مالىڭىزغا بولۇر زىيان بىسيار.

## غۇسلىنىڭ بايانى

...... ⑰ غۇسلى قىلسا رەۋزە شەنبە،
بولۇر ئۆمرى ئۇزۇن جان، تەنبە.
ئەگەر يەكشەنبەدە غۇسل ئەتمە ناگاھ،
بولۇر رەنجى زىيادە، ئۆمرى كۇتاھ ⑱.
دۈشەنبە غۇسلى قىل ئەي يار، زىنھار،
بولۇر رىزقىڭغە رەۋان مال بىسيار.
سېھشەنبە سۇ قۇيمە تەنگە زىنھار،
ئەگەر غۇسل ئەيلەسەڭ بولغايسەن بىمار.
تەنىنى چاھارشەنبە كىم ئارىغلار،
بولۇر نىمەت تولا، كۆرگەي ئاسىغلار ⑲.
تەنىڭنى پەنجشەنبە يۆيما ئەي جان،
ۋەگەرنە مالىڭغە بولغۇسى نۇقسان.
تەنىڭنى رەۋزە جۇمە ئەيلەسەڭ پاك،
يەنە جۇمەغىچە بولماسسەن غەمناك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## چاچ چۈشۈرمەكنىڭ بايانى

كىمىكى شەنبە چۈشۈرسە ساچىنى،
قوندى ئىززەت قولىغا لاچىنى.
كىشى ساچىن تۈشۈرسە يەكشەنبە،
سىنغۇسىدۇر ئاياغ ياكى جەينە[20].
دۈشەنبەدە تۈشۈرسە ساچىنى،
كىيدى باشىغە تەخت ـتاجىنى.
سېھشەنبە تۈشۈرسە غەمگە قالۇر،
ئىزدىگەي، تاپماغاي ئاراجىنى[21].
چەھارشەنبە تۈشۈرسە ساچىنى،
يېمەگەي دەرد ـغۇسسە كاجىنى.
پەنجشەنبە ساچىڭنى سالدۇرساڭ،
كۆرمەگەيسەن قارىنىنىڭ ئاچىنى.
رەۋزە ئازىنە تاپقايسەن بىشەك،
ئاخىرەت مۈلكىنىڭ خىراجىنى.

## تىرناق ئالماقنىڭ بايانى

ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرمان قىلىپ مۇنداق دىگەن: «شەنبە، يەكشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ھەرگىز تىرناق ئالماڭلار».
ئەگەر دۈشەنبە كۈنى تىرناق ئالسا تەگرىتائالا ئۇ كىشىگە

كاتىپلىقنى ئاتا قىلۇر، ئەگەر پەيشەنبە كۈنى تىــرناق ئالسا ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

## بەخت ـ تەلەي سائىتى

مۇشۇ بەخت ئۇستىدە تۇغۇلغان ئادەم ئىللىق چىراي ۋە ئۆتكۈر كۆزلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ نىشانىسى بېشىدا، قورسىقىدا ھەم ئۇچىسىدا بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئادەمنىڭ تۇزى شورلۇق بولىدۇ. كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرىدۇ. ئەمما، بىرەر يۇرتنىڭ چوڭى (باشقۇرغۇچىســى) بولىدۇ. مال ـ دۇنياسى كۆپ بولۇپ، دوستلىرى بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام يەپ ئىچىدۇ. خوتۇنىدىن بەختى ئېچىلىدۇ. ھەرگىز باشقىلارنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرمەيدۇ. بىرەرسى بىلەن بىرلىشىپ بىرەر ئىش قىلسا (ئورتاقچىلىق) نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئۇلۇغلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولسا بەك ياخشىدۇر.

بۇ تەلەيلىك ئادەمگە يىللاردىن چاشقان يىلى يارىشىدۇ. ئايلاردىن ئاشۇرا ئېيى، كۈنلەردىن سەيشەنبە كۈنى ياخشى. مال-مۈلۈكتىن ئالتۇن-كۈمۈش، خىزمەتكارلاردىن ئەر كىشى بولسا ئىنتايىن ياخشى. ئەگەر ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئوت يۇلتۇزلۇق ياكى شامال يۇلتۇزلۇق خوتۇن ياراشقاي. يېڭى چىققان ئاينى كۆرسە خوتۇن-قىزلارنىڭ يۈزىگە قارىسا ياراشقاي.

بۇ ئادەمگە نىسبەتەن تىرىكچىلىك ئۆيى جەددى ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. قاچانكى كۈن ھەمەل بۇرجىكىگە كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مال ـ دۇنيا ئۆيى سۇر ئېيىدۇر. يېشى چوڭايغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولۇپ، مال ـ مۈلكى كۆپىيىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئۆيى ھەمەل ئېيى بولۇپ، قېرىنداشلىرىدىن ياخشىلىق كۆرىدۇ.

ئاتا ـ ئانا ئۆيى سەرتاندۇر. ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئۆيى ئەسەد ئېيى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ باللىرى كۆپ بولىدۇ ۋە باللىرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ، باللىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

كېسەللىك ئۆيى سۈنبۈلەدۇر ...................... [22]

..................

## ئىزاھاتلار:

① قابىل، ھابىللار — ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.

② ھىجامەت — يەرلىك ئۇسۇلدا قان ئالدۇرۇش.

③ مۇجاھىد — تىرىشىش، كۈرەش قىلىش ...... (بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان).

④ چاشتىگاھ — ناشتا ۋاقتىدىن باشلاپ سائەت 10 لارغىچە بولغان ئارىلىق.

⑤ سۇبھى كازىب — يالغان سۇبھى، بۇ يەردە تېخى تاڭ ئاتمىغان چاغنى بىلدۈرىدۇ.

⑥ سۇبھى سادىق — راست سۇبھى، تاڭ يورۇغان سۇبھى ۋاقتىنى

دىمەكچى.

⑦ ئەھلى — خوتۇن -بالىلىرى.

⑧ كۆپ چىكىت ئورنىدىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

⑨ قولىيازمىدا كۆپ چىكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.

⑩ تەنبە — تەنبىھ.

⑪ تەۋانگەر — باي، پۇللۇق.

⑫ كىردار — ئامال، ئۇسۇل، ھەرىكەت.

⑬ دىيبا — كىمخاب، تاۋار -دۇردۇن. نەپىس، كۆركەم، گۈزەل.

⑭ تەقىي — تەقىيە، دوپپا، تۇماق.

⑮ ئىمامە — سەللە، باشقا ئوراپ چىگىلىدىغان رەخ، لاتا.

⑯ كۆپ چىكىت ئورنىدىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

⑰ كۆپ چىكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.

⑱ كۇتاھ — قىسقا.

⑲ ئاسىغ — پايدا، مەنپەئەت.

⑳ ئاياغ -جەينە — پۇت -قول.

㉑ ئاراج — ئىلاج.

㉒ بۇ قولىيازمىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى يوقالغان.